ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# عشقنامه

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: رەيھان نىزام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئابدۇقادىر ئاتاۋۇللا

# ئىشقنامە

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ نومۇر. پوچتا نومۇرى: 830046)
ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 × 1230 م م. 1/32. باسما تاۋىقى: 12
2011 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2011 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 3000 — 0001

ISBN 978-7-5631-2507-4
باھاسى: 42.00 يۈەن
(باسما ۋە تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېئىرىيەتكە بولغان ئۆچمەس
مۇھەببەتنىڭ شەرەپلىك ئىشقىدا يېنىپ
ھەر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا
زارىققان خىيال كۆزلىرىمگە بىر
بۈيۈك غايىۋى سىما — ھەزرىتى
ئەلىشىر نەۋايى ئاجايىپ سۈر ۋە
ئۇلۇغۋارلىق بىلەن كۆرۈنىدۇ ـ دە،
ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىشنىڭ بەختىيار
تىترەكلىرىدە ئىلھام سائادىتىگە
چۇلغىنىمەن.

قىلىچ چەككەن گۈزەل تاتۇق

باھادىر ھۆسنىگە شاندۇر.

ئىشق ئەككى جاھان ھىجران

دېگەننى يادىكار قىلمىش.

قىسمىتىم شۇنداقمىكىن غەملەر ماڭا كەم بولمىدى،
چۈشتى باشقا يېڭى سەۋدا كونىسى غەم بولمىدى.

تەگدى غايىبتىن كېلىپ باشىمغا سۆيگۈ چاقمىقى،
دەمبۇدەم كۆيدۈردى تىنماي ماڭا بىر دەم بولمىدى.

لەۋلىرىنىڭ شەربىتىدىن يايرىدى تەن مەست بولۇپ،
ئۇڭا تەڭداش كەلگۈدەك ئالەمدە زەمزەم بولمىدى.

گۈلگە تامدۇرسام يېشىمنى غۇنچە بولدى قىپقىزىل،
غۇنچە بولدى - يۇ ، يېشىم گۈللەرگە شەبنەم بولمىدى.

سېغىنارمەن كۆنۈتۈن ئىمجان يىلاندەك تولغىنىپ،
يېگىنىم ئوغا ـ زەھەر، ئاش ـ تۈزدا ھېچ تەم بولمىدى.

دىلى زەرداب، تېنى يالقۇن، چۆلدە مەجنۇن مەن شۇ دەم،
نەچچە لوقمان دورىسى دەردىمگە مەلھەم بولمىدى.

تۈندە بىدارمەن ھامانە زارىقىپ يار ۋەسلىگە،
كۆزلىرىم يۇلتۇز گويا كىرپىكلىرىم جەم بولمىدى.

تەلمۈرۈپ يارىم تامان باغرىمدا قان ـ قان يىغلىسام،
ۋاھ، ئەجەبكىم باغرى تاشنىڭ كۆزلىرى نەم بولمىدى.

بۇ ئىشقچۇن ئون ئۆمۈر يىغلاپ ياشاشقا رازىمەن،
ملك بەختىن بۇ ئازابنىڭ لەززىتى كەم بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يار دىبان ئاھ ئۇرغىنىم تاغلاردا ۋولقان بولدىغۇ،
ئاھلىرىمنىڭ چاقمىقى دەريادا گۇلخان بولدىغۇ.

يار دېسەم يار ۋەسلىنى كۆرگەي خىيالەن دىللىرىم،
تىلغا ئالسام نامىنى دەردىمگە دەرمان بولدىغۇ.

زارىقىپ يار ۋەسلىگە ئۆتكەن ۋىسالسىز كۇنلىرىم،
سۆيگۇ-سەۋدا بابىدا تىللاردا داستان بولدىغۇ.

كۆزلىرىمنىڭ كەلكۇنىدىن كەتتى كىرپىكلەر ئېقىپ،
ھەر تېلى شەمشاد بولۇپ چۆللەردە بوستان بولدىغۇ.

نۇر تۆكۈپ تۈن باغرىغا يانغان بىدارە كۆزلىرىم،
جىلۋە قىپ سۆيگۈم كەبى تاڭلاردا چولپان بولدىغۇ.

باشقىلار گۈل تۇتسا، تۇتتۇم مەن يۈرەكىمنى ئاڭا،
يار ئۈچۈن يانغان يۈرەك تۈنلەردە گۈلخان بولدىغۇ.

يار كېتىپ، مۇڭغا پېتىپ قالدىم يېگانە قەبرىدەك،
ياشلىرىمنىڭ دانىسى تۇپراقتا مارجان بولدىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېنىم قايناپ پىراقىڭدا يىلىك زەردابقا ئايلاندى،
لېۋىمگە تامچىغان ياشىم شېرىن مەيزاپقا ئايلاندى.

يۈرەك ـ باغرىم كەبى زەخمەت يېگەن جۇل ـ جۇل كۆلا ـ جەندەم،
يىراقتىن بىر قاراپ قويساڭ شۇئان زەربابقا ئايلاندى.

ۋىسالىڭسىز غېرىب بولسام قۇياشسىز قالدى بۇ ئالەم،
چۈشۈمدە بىر كۆلۈپ باقساڭ كېچەم ئاپتاپقا ئايلاندى.

ماڭا كار قىلمىدى لوقمان لېۋىڭدىن بىر سۆيۈش ئالماي،
بولۇپ نىمجان زەبەردەس قۇل مانا بىتاپقا ئايلاندى.

تىلاۋەت دەستۇرۇم بولمىش سىنىڭ ھەر جۈملەئى لەۋزىڭ،
ئىبادەت ئۈستىدە ھەرئان ئۇلۇغ بىر بابقا ئايلاندى.

ئۆزۈڭدىن باشقىغا سەجدە قىلىشقا بارمىدى ھەددىم،
بېشىم قويسام ئاياغىڭغا قېشىڭ مېھرابقا ئايلاندى.

ئىشقىڭ بەختىدىن مەھرۇم دىلى چۆل ـ دەشت كەبى گۇمراھ،
ماڭا پەندى ـ نەسىھەتلەر قىلىپ ئەربابقا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھاياتنىڭ شىددىتى بىلسەڭ ئەزىم دەرياغا ئوخشايدۇ،
بىلىقلار چاڭقىغان دەريا قاقاس سەھراغا ئوخشايدۇ.

بۈگۈن خار ئەتىسى سۇلتان، ئاشۇنداق تەڭشىگەن كىمكىن؟
ئەجەب رەڭداركى قىسمەتلەر گويا رەناغا ئوخشايدۇ.

گۈزەل جانان كەبى جىلۋە قىلىپ مەنزىلدە ئارمانلار،
ئۆزىگە مەھلىيا ئەيلەپ گۈلى بەرناغا ئوخشايدۇ.

زەبۇن زىنداندا سەكراتتا قۇياشىنىڭ ئىشقىدا بىھوش،
مۇشەققەتلەرمۇ شېرىنكى ـ ياشاش سەۋداغا ئوخشايدۇ.

سېنى ئارقانلىغان غاپىل يېتەكلەپ ماڭسىمۇ سۆرەپ،
ساڭا ئەگەشكىنىدۇر ئۇ، ئۆزى ئەماغا ئوخشايدۇ.

چوپانلار تەقدىرى بەزەن قاۋاننىڭ ئىلكىگە ئۆتسە،
قاۋان ھەر ئىشتا پىر - ئۇستاز، يېتۈك داناغا ئوخشايدۇ.

بەخت شۇلدۇركى يار ۋەسلى ئۈچۈن جان بەرگۈچى ئاشىق،
ئىشقتىن نۇرلىنىپ چەندان قۇياش، ئايلارغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆنۈتۈن، شامۇ سەھەر، پىكرى ـ خىيال، كارىم ئۆزۈڭ،
تىترىتىپ ھەر لەھزە تەننى سايرىغان تارىم ئۆزۈڭ.

تاق كېتەرمەنمۇ جاھاندىن دەپ غېرىبتەك يىغلىسام،
مېنى يالغۇز دەپ تۇغۇلغان دىلدىكى يارىم ئۆزۈڭ.

جان قۇشۇم سەييار ئىدى، يوقتى قونارغا قونىدىقى،
سەن بىلەن بولدۇم غېنى، ئالەمدىكى بارىم ئۆزۈڭ.

كۆپلۈكى يۇلتۇزغا تەققاستۇر ھەۋەسنىڭ ئەسلىدە،
كۆكتىكى تەنھا قۇياشتەك بىرلا ئارمانىم ئۆزۈڭ.

مەن ئىشەنگەندەك ئانامغا چىن ئىشەندىم ئەي نىگار،
شۇل ئانامدىن ئايرىلىپ قالغاندا غەمخانىم ئۆزۈڭ.

جان تەسەددۇق ئەيلىبان يارۇبۇرادەر ئىستىدىم،
گەر قاراكۆن چۈشسە باشقا دەردكە دەرمانىم ئۆزۈڭ.

تاش تېگىپ سۇنغان ساپالدەك خاكسار بولغان كۆڭۈل،
سەن بىلەن شۇڭقار سامادا، ئىززىتىم، شانىم ئۆزۈڭ.

مېنى ھەس ـ ھەيرانە قويدى بىۋاپانىڭ كۆپلۈكى،
ئىپتىخار، ۋىجدان، غۇرۇر، ئەرلىك، نومۇس ـ ئارىم ئۆزۈڭ.

چاچلىرىڭغا چىرمىشىپ پەرۋازدا بولسام بەختىما!
ئەلۋىدا جايىم مۇئەللەق، قەتلەئى دارىم ئۆزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جىلۋە قىلساڭ ئوت بولۇپ، ئالەم كۆيەر دەپ قورقىمەن،
قىلمىشىڭدىن شادلىنىپ مەلئۇن كۈلەر دەپ قورقىمەن.

يالقۇنۇڭدا ئېرىدى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم سۇ بولۇپ،
كۆزلىرىمدىن ئاققىنى ياشمۇ، گۆھەر؟ دەپ قورقىمەن.

بىلمىدىم بىدارلىقىمدا قايسى كۈندۈز، قايسى تۈن؟
ئاھ ئۇرۇپ يۈرگەنلىرىم كەچمۇ، سەھەر؟ دەپ قورقىمەن.

كۆرمىسەم كۆرمەي نىگار كەلمە جامالىڭ ياندۇرۇپ،
سېنى كۈنگە ئوخشىتىپ ھەركىم كۆرەر دەپ قورقىمەن.

ئۇيقۇدا شۇنداق گۈزەلسەن ۋە لېكن يار ئۇخلما،
چۈشلرىڭدە ئازدۇرۇپ شەيتان سۆيەر دەپ قورقمەن.

كېلىشىڭنى ئاڭلسام چۆللەرگە قاچقۇم بار مېنىڭ،
بىر يولى كۆل قلغىلى گۈلخان كېلەر دەپ قورقمەن.

شاھمۇ قايىلدۇر ئۆلۈمگە تۇرسا مۇتلەق ئۇ ھامان،
شۇم ئەجەلدە مەن ئەمەس سۆيگۈم ئۆلەر دەپ قورقمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

يوق ئېغىر دەرد ئاتەشى گۈلخاندا كۆيگەندىن بۆلەك،
باشقا دەردلەر نىمە ئۇ ھىجراندا ئۆلگەندىن بۆلەك.

يار دىدارىڭغا قېنىپ بولسامموۇ ئەما رازىمەن،
كۆزلىرىمگە نىمە لەززەت سېنى كۆرگەندىن بۆلەك.

ھەرنە ئامەتلەر كېلىپ باشىمغا قوندى قۇش كەبى،
ھېچبىرى شاد ئەتمىدىكىن سېنى سۆيگەندىن بۆلەك.

دىلدىكى تەشنالىقىمنى قاندۇرالماس مىڭ دېڭىز،
سەن لېۋىڭدىن بىر تېمىتقان بالى زەمزەمدىن بۆلەك.

جان دېگەن تەنگە جاھاندا بولىدۇ بىرلا نېسىپ،
ئاشۇ جاننى كىم ساڭا قىلغاي پىدا مەندىن بۆلەك؟

نۇر بولۇپ باغرىڭغا سىڭسەم كۆرمىسە ھېچبىر كىشى،
جان نېمە، جاھان نېمە، جانان نېمە؟ سەندىن بۆلەك.

قايسى قىسمەت قاي زۇلۇمدا مېنى سەندىن ئايرىغاي،
جان ئەمەس ئىشقىمغا قەست قىلغان جەھەننەمدىن بۆلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىڭىز يارەنلىرىم تاغدەك بالا باشىمدىدۇر،
ۋاقتى سەل ئۆتكەن قىلىچتەك چاغدىكى ياشىمدىدۇر،

ئۆلچىمەڭ ئاشىق يۈرەكىنىڭ ئىشقىنى سىز ياش بىلەن،
مەندە نە قىلغاي زەئىپلىك، بولسا قۇرداشىمدىدۇر.

باشقىلارنىڭ ئوتلىرى كۆيسە تۈتۈنسىز موردىدا،
ۋاھ، ئەجەبكىم، مەندە يالقۇن زاھىرەن تاشىمدىدۇر.

سورىساڭ باغرىمدىكى زەردابۇ زەخمەت رەڭگىنى،
قانسىراپ تۇرغان يۈرەكتىن تامچىغان ياشىمدىدۇر.

تامچە سۇدا بالقىغاندەك كۆكتە كۈننىڭ جىلۋىسى،
باغرى تاشنىڭ چېھرى كۈن-تۈن تۈز-تائىم ئاشىمدىدۇر.

خۇددى مەرگەننى كۆرەلمەي ئوقتا ئۆلگەندەك كېيىك،
يار يىراقتا ۋە لېكىن دەردى ھامان قاشىمدىدۇر.

كىم يۇتالايدۇ زەھەرنى تەڭ بىلىپ كەۋسەر بىلەن،
ئوغنىنىڭ بال بولمىقى تاقەتتە، بەرداشىمدىدۇر.

ماڭا كۈلگەنلەرگە كۈلدۈم، دىلدا قايناپ مەسخىرەم،
يات ئەمەس نەشتەر، تىكەنلەر بەلكى قولداشىمدىدۇر.

خار قىلامدۇ بەختىيار ھەتتاكى ۋەيران بىر ئۆمۈر،
بىلسىڭىزكى بارچە ئىمكان ئول قەلەمقاشىمدىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر بېقىشتىن مەھلىيالىق جانغا ئاپەت بولدىغۇ،
ياكى تەقدىر پەيلىدىن شۇنداق كارامەت بولدىغۇ.

يايرىدىم ئاھ! شۇل دەمى يارقىن ساماۋى نۇردا مەن،
لەرزى قىلدىم چوغلىنىپ، سېھرى ئالامەت بولدىغۇ.

كىم جاھاندا ئازمىغان مەشئۇم پەلەكنىڭ چەرخىدىن،
جىلۋىگەر شۇل ۋەسۋەسە پۈتمەس مالامەت بولدىغۇ.

قۇش كېتىپ قالغان ئۇۋادەك دىل بىساتىم بوش ئىدى،
تەڭرىدىن بەلكىم ئىشق خەيرى ـ ساخاۋەت بولدىغۇ.

سۆيگۈسىز غار، كۆلىبگە مەهكۇم يېگانە بەندىدىم،
هەر كۆرەكتە كەچمىشىم قىسسە ـ هېكايەت بولدىغۇ.

ئوتتا شۇڭقارمۇ چىرىلداپ، زارلىنىپ بولغاي كاۋاپ،
جانۇجانىمدا پىژىلداش تەنگە راهەت بولدىغۇ.

يار ۋىسالى مەن ئۈچۈن ۋەسلى مۇقەددەس قىبلىدۇر،
ئول تامان قان يىغلىسام تائەت ـ ئىبادەت بولدىغۇ.

كۆزدە جانان جىلۋىسى، سەزمەس نىگاهىم باشقىنى،
تۈنمۇ تۈن، كۈندۈزمۇ تۈن خۇددى قىيامەت بولدىغۇ.

بۇ كەبى شېرىن ئازابىنىڭ بەهرىدىن مەستمەن پۈتۈن،
شۈكرىكىم، هىجران ماڭا تەڭسىز سائادەت بولدىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قارا كۆز ئالسا مەيلىڭنى يورۇق بەختىڭ قارا بولمىش،
ئۇنىڭ ھەر جىلۋىسى ئاپەت، جېنىڭغا يۈز بالا بولمىش.

گۈزەللەر قوۋمى خۇنخوردۇر، رەھىمسىز ھۆسنى جاللاتى،
پىچاقسىز تىغلىغاي ھەرئان، يۈرەك-باغرىڭ يارا بولمىش.

ئىشق غاپىل ئەزەل ھوشتىن، كۆڭۈل ھەر جەبرىگە رىزا،
جانان گەر بىر قىيا باقسا جاراھەتكە داۋا بولمىش.

جېنى سەكراتتىكى ئاشىق نىگاردىن خۇش خەۋەر ئالسا،
شۇئان پەلۋانكى لوقمانىنىڭ شىپا ئىلمى ئادا بولمىش.

ئەجەبكى، دەردى ھجراننى سائادەت چاغلىدى پەرھاد،
تىكەن قان ئەيلىسە بۇلبۇل گۈلىگە مەھلىيا بولمىش.

جۇنۇن مۇقامىغا يەتكەن نېچۈن تەركىجاھان بولغاي،
ئۇنىڭغا يار دىداردىن خىيالىي مۇددىئا بولمىش.

دىبان يار! دەشتتە يۈرگەنگە كىمكى بىر نىشان بەرسە،
ۋىسال بەختىگە قۇرئەنداز چوقۇمكى ئەۋلىيا بولمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۇل غازان پەسلى ئەمەستى مەن تېخى كۆزدىن يىراق،
سارغىيىپ قالدى گۇلۇم بولغاچقا يار كۆزدىن يىراق.

ئەسلىتىپ يار كۆزىنى تاڭلاردا چولپان جىلمىيار،
بولدىغۇ يار مەنزىلى يەتمەككە يۇلتۇزدىن يىراق.

تەگدى سۆيگۈمچۇن بېشىمغا پىتنىلەرنىڭ مۆلدۈرى،
كەتتىما دەشتى ـ ياۋانغا تۇرغىلى سۆزدىن يىراق.

تۇندە پەسلەپ ئاي ماڭا يارنىڭ جامالىن ئەسلىتەر،
شۇنچىلىك ئىمكانىمۇ يارەب بولدى كۈندۈزدىن يىراق.

ئۇچرىسا ھەتتا مومايمۇ يەرگە باقتىم بىنەزەر،
بولدى ھەر ئاندا نىگاھىم نەۋ جۇۋان، قىزدىن يىراق.

گۈلگە زوق ئەيلەشنىمۇ چاغلاپ خىيانەت يار ئۈچۈن،
چۆل كېزىپ يۈردۈمكى بولدۇم لالەـقىرمىزدىن يىراق.

كىرمىگەي يار يادىدىن ئۆزگە خىيال دەپ كۆڭلىما،
داجىدىم يوللارغا چۈشكەن غەيرىرەك ئىزدىن يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جىلغۇدە دەشتى ـ ياۋاننى گۈلدىيار قىلدىڭ گۈلۈم،
چوغلىنىپ بەرقىڭدە قىشنى نەۋباھار قىلدىڭ گۈلۈم.

كەلسە تاغلاردا سابادىن نۇر بولۇپ ئەنبەر ھىدىڭ،
قەدىمىم چۈشكەن توپا، تاشنى ئىپار قىلدىڭ گۈلۈم.

ئۈن چېكەلمەي كۆرگىنە بۇلبۇل بىھوشتۇر قان قۇسۇپ،
گۈلجامالىڭ ئىشقىدا بەند، بىقارار قىلدىڭ گۈلۈم.

بىر ساغا مىڭ ـ مىڭچە كۆزدە باقتى كۆك يۇلتۇزلىرى،
يەرۇ ئاسمانى بۆيۈكنى ئىنتىزار قىلدىڭ گۈلۈم.

قاي گۈناھقا تاللىدىڭكىن ئەھلى ئالەمدىن مېنى،
مەن تىرىككە دوزىخىڭنى ئىختىيار قىلدىڭ گۇلۇم.

ياشلىرىمغا چۆكتۈرۈپ، ئاتەش-پىراقتا كۆيدۈرۈپ،
دەردۇ دىشاۋارىمغا يايراپ ئىپتىخار قىلدىڭ گۇلۇم.

ئەل قىساسى ھەق ئىرۇر، ئاشىق قىساسى ئوق گويا،
ئىككى ئالەم قەرزدارسەن، مېنى خار قىلدىڭ گۇلۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوت ئىدىم، ئوتتا كۆيەرمەنمۇ نىگار،
بىر ئۆمۈر داغدا يۈرەرمەنمۇ نىگار.

سەن ئۈچۈن كۆردۈم جاھاندا ھەممىنى،
ئاھ، سېنى بىر رەت كۆرەرمەنمۇ نىگار.

چىقمىسۇن لەھزە خىيالدىن دەپ سېنى،
ئۇيقۇسىز شۇنداق ئۆتەرمەنمۇ نىگار.

نېمە بولغاي ياشىغاننىڭ قىممىتى،
سېنى بىر كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ نىگار.

كۆرمىسەمۇ بىر سۆيەي دەپ ئىزنىنى،
تەڭرىدىن يىغلاپ تىلەرمەنمۇ نىگار.

كەل دېسەڭ پاتماي پۈتۈن ئالەمگە مەن،
سەل بولۇپ دەۋرەپ كېلەرمەنمۇ نىگار.

نۇر بولۇپ شۇڭغۇپ شۇئان باغرىڭغا مەن،
بىر يولى ئېرىپ تۆگەرمەنمۇ نىگار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مىڭ تەشەككۈركى كۆزۈمگە بىر ئالامەت كۆردۈما،
كۆرگۈنۈم ئوڭمۇ، چۈشۈم سېھرىي كارامەت كۆردۈما.

ئاي چۈشۈپتۇ يەرگە دەپ هاڭ ـ تاڭ قېلىشتى ئەهلى يۇرت،
قاچۇقاچ، بىهوش يېتىشتى، بىر قىيامەت كۆردۈما.

شۇل دەمى مەۋجۇتلۇقۇمغا قالدىما هەيرەتتە مەن،
پارە بولماستىن ئۆزۈمنى ساق ـ سالامەت كۆردۈما.

ئىچ ـ ئىچىدىن نۇر يانار بىللور، گۆھەردەك جىلۋىدە،
زاتى ئىنسان پۇشتىدىن ئەندازغا قامەت كۆردۈما.

ئەیمنپ، قورقتۇم، کێین بەستم بەختتن قالتراپ،
ئۇنتۇماي تەڭرم ماڭا بەرگەن سائادەت کۆردۇما.

ۋە لێکن ئول یار سامادا، یەردمەن، مۇشکۇل ۋسال،
داغی هجران رەنجنی ئۆمرۇمگە ئاپەت کۆردۇما.

دل سۆیۇنسە سۆیگۇدن جەبر ـ جاپاسی خەیریەت!
بۇ ئشقنی یایربان کۆڭلۇمگە ئامەت کۆردۇما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نېمە دەي كۈندۈز ـ كېچەنى پەرقى يوق دىلدارىسىز،
بەھرىسىز سۈرەت گويا ئاي، كۈنمۇ يار دىدارىسىز.

ئەرزىمەس قۇشتۇر چوقۇم دان غېمىدە سەرسانكى ئۇ،
كىم ئۇنى بۇلبۇل دېگەي گۈل ئىشقىدا ئىزھارىسىز.

بىر چۆگۈن سۇغا ئوتۇن بولماس قوراي ئۇ تەمبۇرۇڭ،
بولسا گەر ئۇ جانۇ تەننىڭ باغرىدا مۇڭ تارىسىز.

يىپى يوق لەگلەك ئېرۇر كىمكى غەنىيۇ نەۋقىران،
سۆيگۈ رىشتىدىن ئازاد قەلبى جاراھەت ـ يارىسىز.

قان پۇرايدۇ لالىلەردىن مەن نىگارسىز باغدىمەن،
باغ نېمە، كۆڭلۈم باياۋان، مەن غېرىب گۈلزارسىز.

يار پىراقى ئۆرتىبان بەرمەس جېنىمغا ھېچ ئارام،
ئۆتمىدى كۈنۈتۈنۈم ھەر لەھزە دەرد-ئازارسىز.

كەتسە بۇ جان مەيلىدى، يار يادى بىللە كەتكۇدەك،
ئالغۇدەك بۇ ئىشق ھامان جاننى ئەجەل قازارسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەجەب سەرسانە سەيياھمەن، خىيالىم ياردىدۇر ھەرئان،
ئەقىل ـ ھوش ھۆسنىگە پەيۋەند، پىراقى جاندىدۇر ھەرئان.

ياسارمىش ئەل قىيام، شەربەت قازاندا قايىنتىپ شېكەر،
جىمى لەززەتكە شاھ سۆيگۈم تومۇردا، قاندىدۇر ھەرئان.

ئىشق قاي چاغ نېسىپ بولدى، دېمەك كۆكتە قاناتلاندىم،
ۋۇجۇدۇم ئوتتا ـ ئاتەشتە كۆيۈپ ئىلھامدىدۇر ھەرئان.

سىياقى ـ جىلۋىسى كەتمەس كۆزۈمنىڭ ئالدىدىن بىردەم،
تاپارمەن قايسى ئالەمدىن ئۆزى پىنھاندىدۇر ھەرئان.

قەپەستىن قاچتى كۆڭلۈمنىڭ قۇشى يارىمنى ئىزدەشكە،
لېكىن يار مېھمىنىم كۈن - تۈن، كۆرۈك باغرىمدىدۇر ھەرئان.

سېنى سەۋدايى قىلغان كىم، جامالى قانچىلىك ؟دەرسىز،
ئۇنىڭ ھۆسنى نەقىشلەنگەن يۈرەك داغىمدىدۇر ھەر ئان.

مۇھەببەت ئالىمى شۇنداق - بېھىش ھەم دوزىخى بىللە،
قارارگاھ، مەنزىلىم يارنىڭ ئوتى ھىجراندىدۇر ھەرئان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يار لېۋىگە تەگسە گەر بىر مەررە بۇ ئاچ لەۋلىرىم،
ئوت ئېلىپ ياكى ئېرىپ كەتكەي شۇئاندا تەنلىرىم.

ئاھ، ئاشۇ دەم كەلسە بىر، ئۆمرۈم پەقەتلا بىرلا كۈن،
مەنمۇ يوق، ئالەممۇ يوق بولغايكى قالمىش دەملىرىم.

قۇل قۇياشنىڭ ئىشقىدا زىنداندا بىھۇش نۇر ئۇچۇن،
مەن نىگارنىڭ ئىشقىدا، لەززەتتە ھەرئان غەملىرىم.

يار ئۈچۈن تەركىجاھان بولسام جاھانمۇ قىلدى تەرك،
چۆلدە ئاھۇ، تۈندە ھۇۋقۇش بولدىغۇ ھەمدەملىرىم.

كىم يىرتقۇچ دەيدىكىن يولۋاسۇ، يىلپىز دوستىما،
چۆلدە قالغانمۇ ۋاپا، چۆللەردىكەن مەھرەملىرىم.

يىغلىدى خۇددى ئانامدەك مۇڭلىنىپ كۆك بۆرىمۇ،
ئاھ، يەنە چۆلدىن تېپىلدى ئىزدىگەن مەلھەملىرىم.

مەجنۇنە بولدى زۇلەيخا، كۆيدى يۈسۈپ ئىشقىدا،
ماڭمۇ شۇنداق بەخت بەرگەيمۇ پەيغەمبەرلىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئول نىگارىم كۆزىنى چولپانى ئەختەردىن سوراڭ،
كىرپىكىنىڭ زەربىنى ئوقيايى خەنجەردىن سوراڭ.

كۆزلىرىم ئاقۇ قاراسى كەتتى ھىجراندىن ئېقىپ،
ھىدلىغايمەن، يار ھىدىن ئىپارۇ ئەنبەردىن سوراڭ.

سۆيمىدىم، سۆيەلمىدىم، سۆيسەم ئەگەر لەۋ لەززىتىن،
شەربىتى دەۋرەيدىنغان دەريايى كەۋسەردىن سوراڭ.

شادىمانكەنسىز، تۇغۇلماپسىز، ئىشقىنىڭ دەردىنى،
بىر ئىشكتە خار ـ خار، زارۇ قەلەندەردىن سوراڭ.

يوق دىمەك ئۆچمەيدىغان ئوت، كۆيدۈما يار ئوتىدا،
ئوت ئىچىدە يايرىغاننى مەن سەمەندەردىن سوراڭ.

كۈنۈتۈن يار يوللىرىغا زارىقىشنىڭ لەززىنى،
باللىرى ئاچ، دان تىلەر سەرسانى كەپتەردىن سوراڭ.

ئانچىكىملا بىر ھەۋەس دەيسىزغۇ سۆيگۈم ۋەزنىنى،
ئۈپرىماس، ئۆگمەس گۆھەرۇ، بىباھا زەردىن سوراڭ.

ھەممىدىن تۈپراق ئۇلۇغ، تۈپراقى تۈتىيا قەدرىنى،
يار نەقش چىكىپ ئىزى چۈشكەن ئەزىز يەردىن سوراڭ.

قالمىدى ئەھلى ۋاپا، ئالەم ۋاپاغا زار دىمەك،
سۆيگۈگە جاننى پىدا قىلماقنى مەن ئەردىن سوراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەلدى قايدىن شۇنچە يالقۇن ئۆرتىدىك بوستاننى يار،
گۇل ـ گىيا، تاغۇ دالا ھەم ئۆرتىدىك ئاسماننى يار.

جانۇ جانسىز يايرىغان كۆيمەي قۇياشنىڭ تەپتىدە،
قويدۇڭما ھەيرەتتە كۈننى، ئۆرتىدىك جاھاننى يار.

مەشكە ياققان ئوتتا پىشقاي داش قازاندا تۆئىملەر،
تەننى ھەم تەندە نىھانكى ئۆرتىدىك بۇ جاننى يار.

بولدى پەرسىز كۆكتە شۇڭقار، چۆلدە ئاھۇلار كاۋاپ،
جاننى ھەم جانغا جاناندەك ئۆرتىدىك ھىجراننى يار.

سايرىسا ھەر تاڭدا يىغلاپ گۈل تىكەن سايماس ئىدى،
بۇلبۇلۇڭ يازغان قېنىدا ئۆرتىدىڭ داستاننى يار.

بار ئىكەن سەندە جۇنۇندىن نەچچە چەندان تەلۋىلىك،
سەن تەرەپكە بىر قەدەمنى ئۆرتىدىڭ باسقاننى يار.

قەھرىدىن مېھرى ئۇلۇغ بىلسەڭ ئەزەل ئىنسان ئارا،
سېنى دەپ سالغان پاياندا ئۆرتىدىڭ داسقاننى يار.

چۆلدە سەيياد سۆرىگەن تۇتقۇن كېيىكنىڭ زارىدا،
بوينۇما زەنجىر، كۈلانى بىلمىدىڭ ئاسقاننى يار.

ئەھلى يۇرت، يارەن: بۇ كويىدىن ھېچ مۇراد ھاسىل ئەمەس
دېسە گەر شەكسىز رەقىبكى، ئۆرتىدىم توسقاننى يار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يەرگە ئاينىڭ چۈشكىنىن كۆردۈم گۈزەردە ـ رەستىدە،
ئاي ئەمەس ئىنسانلىقى بولدى ئايان بوي ـ بەستىدە.

ئاھ، نىتەي، نۇردىن پۈتۈلگەن تەنمۇ ئۇ، جەۋھەرمۇ ئۇ،
كۆرمىگەن ئەھلى جاھان بۇنداقنى ئادەم نەسلىدە.

قالدى ھەيرەتتە ئالامان، ھەر بوۋايدىن كەتتى ھۇش،
بۇنچىلىك بولماس ساراسىم كەلسە يولۋاس ئەسلىدە.

قەتلىگاھ بولدى گۈزەر، ھەركىمدە جاننىڭ قايغۇسى،
كەلگەنىكەن بۇندا خۇنخور جان ئېلىشنىڭ قەستىدە.

ۋاھ، ئەجەبكىم ئەرزىمەس سەييادقا مەندىن باشقىسى،
تەگدى ئۈندىن ئوقمۇ، ئوت ئۆمرۈم باھارى پەسلىدە.

ئاھ، ساماندەك سارغىيىپ، شۇندىن بۇيانمەن كەھرىۋا،
كەتتى دەرمان، يوق جۇلا، نۇر ئول پىراقنىڭ دەستىدە.

چىقمىدى جان، ئۆچمىدى ئوت، ئوق ھامان باغرىمدىدۇر،
مەن ئۆلەرمەن كۆيدۈرۈپ سۆيمەس پەرىنىڭ ۋەسلىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

غەيۇر كەلدىم ياشاپ قىسمەتلىرىم دىشۋارىدىن كەچمەي،
دىلىمنىڭ گاھى غەم، شادلىق، مەيل ـ خۇشتارىدىن كەچمەي.

غېرىب باشىمغا كۆڭلۈمنى ھامان مىڭ دوستقا تەڭ قىلدىم،
ئۆزۈمدەكلا ئۇنىڭ پۈتمەس پىغان، ئاھ ـ زارىدىن كەچمەي.

قانالماي كۈندۈزى زىنھار ئۆتۈپتۇ تۈنلىرىم بىدار،
ھاياتنىڭ زوقىدىن كەلمىش نەزىم ـ ئەشئارىدىن كەچمەي.

تاپانلار گۈل ـ چېكىپ قاندىن ياياق يۈردۈم باياۋاندا،
بىھۇش ئەيلەپ ھۆزۈر بەرگەن قەلەم تۈلپارىدىن كەچمەي.

دىدارى تۇتىيا يارنىڭ، خىيالى شۇكرىنكىم بىللە،
سائادەت باغىدا شادمەن، نۇرانە يادىدىن كەچمەي.

بۇ كويىدىن كەچ! دىبان كەلگەن ۋەھىگە ناپىسەنت بولدۇم،
ۋاپاغا زارىقىپ ئىيتقان نىگار ئىزھارىدىن كەچمەي.

مالۇ دۇنياغا شەيدا شاھ گادايلىق ئىلكىدە تۇتقۇن،
ئىشق دەپ ھەممىدىن كەچكەن پەقەت مەن يارىدىن كەچمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گاھ قىيقاسۇ، گاھى يانغىن، گاھ توپاننىڭ شىددىتى،
بارچىسى ئاھۇ پىغان، نالەشۇ كۆز ياش ھىممىتى.

بىرلىرى تاغۇ جىرادا، بىرلىرى دەشت، ئوت ئارا،
تا ئەزەل شۇنداقمىكىن ئەھلى ئىشقىنىڭ قىسمىتى.

ئاڭلىماي پەندى ـ نەسىھەت، بايقىماي باستىم تىكەن،
كىردىما بىر ئوت ئىچىگە، ئۇندا يانغىن دەھشىتى.

كۆرگىنىم يانغىن ئەمەسكى، ئەقىل ـ ھوشتىن مەن جۇدا،
بىر گۈلى گۈلزاردۇر پۈتكۈل جاھاننىڭ زىننىتى.

بىر پەرى مەيلىمنى ئالدى، ئالدى قىلدى قۇل، ئەسىر،
ئەيلىسەم ئالەمنى تارتۇق كەم كېلەرمىش قىممىتى.

ئەھلى يۇرتۇم، يار ـ بۇرادەر ھېچنېمەرسە ئەستە يوق،
تەختى تۆرگە ئۆتتى، ئۆستى ھەممىدىن ھەق ھۆرمىتى.

بولمىدى تەڭلىك ئارادا، مەن كىشەنگە مۇپتىلا،
بولغىلى ئۇندىن جۇدا يوقتۇر پېقىرنىڭ جۈرئىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سېنى دەپ كەلدىم جاھانغا، غەمگە غەمخارىڭ بولاي،
سەن ئەزىز بولغىنكى ھەرئان، مەن قۇلۇڭ ـ خارىڭ بولاي.

شاھى سۇلتان ئالدىدا خەستۇر گادايىنىڭ قىممىتى،
يوق خىيال ئەتمەككە ھەد، قانداقمۇ دىلدارىڭ بولاي.

كۆنگە تىك باقماق ئاسانمۇ يەيدۇ كۆزنى جىلۋىسى،
ئېيتمىقىم مۇمكىن ئەمەسقۇ دەپ سېنىڭ يارىڭ بولاي.

قىزغىنارمەنكى ئۆزۈمدىن، كۆن بىلەن ئايدىن سېنى،
تەگمىسۇن كۆز، تىلتۇمارىڭ ياكى زۇننارىڭ بولاي.

كەلسە يات ئەلدىن خېرىدارىڭ بولۇپ شاھزادىلەر،
يوللىرىغا تىك داۋانۇ، سەددى ـ دىۋارىڭ بولاي.

قەست قىلىپ ۋەسلىڭگە ئەغيار كەلسە پايمال قىلغۇسى،
تۇغ تۇتۇپ، تىغ ئوينىتىپ جەڭدە پىداكارىڭ بولاي.

قورقۇنچلۇقتۇر ۋىسال، قەلبىمدە ھىجران لەززىتى،
دىلدا شىرىنسەن، پەقەت مەن چۆلدە پەرھادىڭ بولاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۈرەكنى قان قىلىپ يارەب! ئىشق داغىدا دەرۋىشمەن،
چۈشۈمدە بىر كۆرۈپ يارنى ئىككەنسەن جاندا، دەرمىشمەن.

دېسە، ھەيرانۇ ھەس بولدۇم، نېچۈن سارغايدىڭا بۇنچە؟
تەشەككۈر، ھەل بېرىپ قويدى ئۆتۈك ھىجراندا، دەرمىشمەن.

دېسە، دەشتلەردە قانداقچە ياشاپ يۈرگەنسە ئەي مەجنۇن؟
ياقەي، يۈردۈم خىيال جىلۋەك بىلەن بوستاندا، دەرمىشمەن.

دېسە نازلاپ، ئۇنۇتقانسەن مېنى تەركىماكان سەيياھ،
ئىسىم ـ تەۋسىپلىرىڭ ھەر قۇردا بار داستاندا، دەرمىشمەن.

دېسە، مىسكىن ھىلال ئاينى كۆرۈپ يىغلايسىنا تۈندە،
سەۋەب، كۆڭلۈم كەبى يېرىم بولۇپ قالغاندا، دەرمىشمەن.

دېسە، كۆپ يىغلىما زاھىت، قېنى قاي شامدا كۈلگەيسەن؟
تولۇپ ئاي ھۆسنىگە سەندەك تولۇن بولغاندا، دەرمىشمەن.

دېسە، كۆپكەن ۋاپانىڭ تەلقىنى، مەن يادىدا كىمنىڭ؟
جامالىڭ تەسۋىرى مەشئەل زېمىن - ئاسماندا، دەرمىشمەن.

دېسە، جۇتلاردا قالغانسەن، مۇھەببەت تەسكىيى قىشتۇر،
زېمىستان يازغا ئايلانغاي يۈرەك يانغاندا، دەرمىشمەن.

دېسە، ئېيت ناشۇكۇر گۇمراھ، قاچاندۇر بەختىيار چاغىڭ؟
جاھاندا سەن بىلەن يالغۇز ياشاپ قانغاندا، دەرمىشمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاپار كىم ئەھلى ھىجراندىن دىلى مىڭ پارىنى مەندەك،
قويۇپ تاڭ تاڭدا بۇلبۇلنى تۆكەر كىم زارىنى مەندەك.

كۆيەر پەرۋانىمۇ ئوتتا، تۈگەر شام نۇر بېرىپ تۈنگە،
تەسەددۇق ئەيلىگەي سۆيگۈ ئۈچۈن كىم بارىنى مەندەك.

پەلەكنىڭ گۈلدۈرى كەلسە زېمىننىڭ نالىسى دەمسىز؟
ساماغا كىم ئۇرۇپ چاقماق يازار ئىز ھارىنى مەندەك.

بۇلۇتلار ياش تۆكۈپ يىغلاپ، ئېقىنلار توختىدى مۇڭدىن،
چېكەر كىم يار ئۈچۈن كۈن - تۈن يۈرەكنىڭ تارىنى مەندەك.

ئاھۇلار ياش تۆكەر شۇنچە لېكىن چىن يىغلىيالماسكەن،
كۆزىدىن ئېرىتىپ گۆھەر بىلەن ئاق، قارىنى مەندەك.

تېپىلماس تۇتىيامىش زەر، لېكىن كىم تۇتىيا قىلدى،
نىگارنىڭ ئوقلىرى تەگكەن ساقايماس يارىنى مەندەك.

كىشىنى خار - زەبۇن قىلماق ئىشقىنىڭ پەيلى، كارىدۇر،
سائادەت چاغلىماس ھېچكىم جاپا - دىشۋارىنى مەندەك.

مۇھەببەت ئوقى جەڭلەردەك نېسىپ بولمايدۇ ھەركىمگە،
ئۆمۈرنىڭ مەشئىلى قىلغاي كىمكى يارىنى مەندەك.

ۋىسال، ھىجراندا دەرد، شادلىق گويا تۆت پەسلىدەك رەڭدار،
يەنە قىلغايكى كىم كۆركەم ھايات پەيكارىنى مەندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەزىز ئوغلان ئىدىم قانچە ماكانىم خاس ھەرەم بولدى،
قاچانكى مەھلىيامەن خار، نىگارىم مۆھتەرەم بولدى.

جاپادىن پۈكلىنىپ قەددىم، ۋاپاغا چاڭقىدىم چۆلدەك،
ناشادمەن، غەمگە لىق خەزنەم، ھاياتىنىڭ شادى كەم بولدى.

پەلەكنىڭ زۇلمىدىن ئىڭراپ، مادار ھەلقۇمغا كەلگەندە،
ۋىسالسىز كۆنلىرىم دەردى بېشىمغا دەمھۇدەم بولدى.

يېشىمدا لەيلىسەم، چۆكسەم يۇتۇپ كەتمەك بولۇر قايىنام،
كۆلۈپ ئول باغرى تاش شادلىق يېشىدا مەگزى نەم بولدى.

پەلەك سەتھىگە يازدىم خەت، كۆرەر دەپ ھەققە ئەرزىمنى،
يېشىم قانلىق سىياھ، كىرپىكلىرىم ئۆچمەس قەلەم بولدى.

پىراق دەشتىدە سەرگەردان، ساياق سەيياھمەن يارنىڭ،
يېتەلمەس قۇش يىراق مەنزىللىرى كەم بىر قەدەم بولدى.

نەپەسلەردىن يېنىپ ئاتەش، تۈتۈنلەردىن بۇلۇت پەيدا،
پىغانىم چاقمىقى ئاسمان ئارا بىر تۇغ ـ ئەلەم بولدى.

تۈمەنمىڭ شۈكرىكىم يارىم جىمى دوستۇمغا يات قوۋمدىن،
ئۆلارنىڭ رەشكىدىن ھەيرانۇھەسمەن، بەك ئەلەم بولدى.

كوچا ـ كويدا يۈرۈپ يىغلاپ ساراڭدەك نالەزار قىلسام،
خالايىق خۇش قىلىپ كۆڭلىن مېنىڭدىن بەھرىمەن بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەي پەلەك زاتى پەرى پەيكەرلىرىڭدىن ئايلىناي،
تاڭدا كۈندەك، شامدا ئاي، ئەختەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

كۆز ئەمەس ئوقدان تاقاپسەن ھەر گۈزەلگە تەڭرىما،
كىرپىگىنىڭ ئورنىدا نەشتەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

خۇش تەبەسسۇم بەھرىدە يايراپ كۆڭۈل شاد بولغۇسى،
بىر قىيا باققانىدىكى خەنجەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

ئىشقى ھىجران داغىدا جان كەلسە ۋاي! ھەلقۇمغىلا،
ھۆسنى ئازدەك بويىنىدا گەۋھەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

قەتلى قاتىل ئۈنتۈلۈپ سۆيگۈم گۇناھى شۇنچىمۇ؟
ئەل سازايى ئەيلىگەن مۇنبەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

خانۇمان، دوستى ياران، نامۇ نىشاندىن ئايرىغان
قىلمىشدىن بەختىيار دىلبەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

ئاشىقى شەيدا كىمكى ساق بىساتى تەندە يوق،
ھەر نىگاھى ئاچ سۈلۈك خۇنپەرلىرىڭدىن ئايلىناي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پىراقى ئۆرتىدى شۇنچە دىدارى ھۇشنى ئالغايمۇ،
ئەگەردە سۆيسە تەندە جان دېگەندىن زەررە قالغايمۇ.

سامادا ئۇچسا جۇپ تۇرنا بۇقۇلداپ يىغلىدىم يالغۇز،
تىلەي، تاش باغرىغا يارنىڭ خۇدا ئىنسابنى سالغايمۇ.

ئىجازەت بەرسە كەلگىن دەپ جاھاننىڭ ئۇ بېشىدىن يار،
يۈگۈرسەم توختىماي بىردەم خوراپ تەن يولدا قالغايمۇ.

قاراپ باقسام ئۈمىدىمنىڭ ئۇپۇقتا جىلۋىسى ۋىل - ۋىل،
ۋىسالىنىڭ نەغمىسىن تەقدىر مۇبارەك كۈيگە چالغايمۇ.

يىراق جاڭگالغا ئوت كەتسە ئۆچۈرگەي يامغۇرى كۆكنىڭ،
يېشمنى ماي قىلىپ ئاھىم كۆرۈك بۇنداقمۇ يانغايمۇ.

ئىشقچۈن دەشت ـ چۆللەردە ئۆلۈپ قۇزغۇنغا يەم ئاشىق،
نىگارى ئاھ! دېسە بىر رەت مېنىڭدەك رازى بولغايمۇ.

ماڭا ئارمانكى، گەر ئۆلسەم يېتەلمەي ۋەسلىگە يارنىڭ،
پۇشايماندىن قارا كۆزنىڭ چاناقى ياشقا تولغايمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەجەب بولدۇمكى سەرسانمەن، تۇرارغا خانۇمانىم يوق،
گاداي يىغلايدۇ ھالىمغا، غېرىبمەن، مېھرىبانىم يوق.

يۈرەرمەن چۆل ـ باياۋاندا چۆكۈپ بارخانۇ دولقۇنغا،
مېنى قوغلايدۇ قۇم دەۋرەپ چىمەنىم، لالىزارىم يوق.

گويا مايسىز چىراغدۇر ئۇ كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى پىل-پىل،
ھاياتلىقتىن نىشانەم شۇ، نەپەسلەرگە مادارىم يوق.

ئىشق ئۇ كۆركىدۇر جاننىڭ، ئەجەب كۆركەمگە كۆز تەگدى،
يامان كۆزلەرگە كۆز مونچاق، تىلىغا تىلتۇمارىم يوق.

بىلەرمەن قىسمىتىم شۇلدۇر پىراقىڭدا ئۆلەرمەنكى،
يۈرەكتە ھەرقاچان سەن ـ سەن يەنە ھېچ كوي، خۇمارىم يوق.

كېزىپ يۇلتۇز ئارا ئىزدەپ خەۋەرسىز قايتتىما ياردىن،
ئىزىنى تاپتىما سۆيدۇم، يەنە ھەريان بارارىم يوق.

نېمانچە خارۇزارلىق بۇ، شۇدەم شاھلىقمۇ كار قىلماس،
خالاس ئەتمەككە غەملەردىن پەقەت ئاشۇ نىگارىم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نېچۇنكى كۆرمىدىم مېھرى ۋاپانى ئەھلى دەۋراندىن،
رەقىبلەر قىلسا قىلدى كۆپ يامانلىق، دوستلىرىم ئاندىن.

كۆتەر كىم تۆلكە، چىلبۆرە، يىلانلار قوۋمىدىن شەپقەت،
ئۆزۈڭنىڭ چىشلىسە ئىشتى ئۆتەركەن زەربىسى جاندىن.

نىگارىم ئالدىدا قانداق گۇناھىم ـ قىلمىشىم بولغاي،
زەھەرلىك پىتنىلەر ياغدى كېلىپ باشىمغا ھەر ياندىن.

بىلىق قارماققا، لاچىن تورغا چۈشتى نەپسىدىن كەچمەي،
ئاھۇ كۆزۈم ئاھۇ كەنگۇ كېتەلمەي قالدى قاپقاندىن.

زەپەر قوچقان زوغويلار بەزمدە، ئوشوقلىرى ئالچو،
رەقىبنىڭ راست، مىنىڭ يالغان، پىقىر ئايرىلدى جانىدىن.

بويوندىن باغلىغان ئىتتىن كۆتەرسەن قانچىلىك ھىممەت،
ئاۋۋال قاچقىنكى مەردلىك شۇ، سىنىڭدىن سەللا قاچقاندىن.

ئەقىل رەت قىلغۇسى ھەرئان ۋاپاسىز يارغا يىغلاشنى،
كۆرەرمەن تاپقىنى چوڭمۇ مىنىڭدەك شاھى مەردانىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاي يىراق، ئاي داغنى باغرىمدىكى داغدىن كۆرۈڭ،
دىلدىكى چاك ـ چاكى دەزنى ماگىملىق تاغدىن كۆرۈڭ.

قىسمىتى شۇنداق ئىشقىنىڭ تەندە ساق جاي قالمىغاي،
مەندىكى ئۆكۈر ـ جىرانى تاغدىكى ھاڭدىن كۆرۈڭ.

ئاھلىرىمنىڭ قۇشلىرى يەيدۇ كۆنۈتۈن چوقۇلاپ،
خامتالاش بولغان جىگەرنى چۆلدىكى زاغدىن كۆرۈڭ.

مەن ئەزەل ئەما ئەمەستىم، كۆزلىرىم كەتكەن ئېقىپ،
شۇ ئېقىننىڭ بەھرىنى سىز ئۆيىنغان باغدىن كۆرۈڭ.

مەن شۇدەم بىھوش، خارامۇش، ئاھلىرىمنىڭ لەرزىنى،
قۇم – بوراندىن چۆل قىيامەت ئەيلىگەن چاغدىن كۆرۈڭ.

شۇنچە سەۋداغا سەۋەبكار كىم ئىدى ئۇ؟ دەيسىزا،
ئول پەرىنىڭ ھۆسنىنى كۆكتە تولۇن ئايدىن كۆرۈڭ.

كۆرگۈلۈكنى كۆردىڭىزكى سىزگە سۇرەت بولدى ئۇ،
سىزمۇ ئاشىق بوپ كېلىپ ئىخلاس بىلەن ئاندىن كۆرۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قايدا سەنكى گۈلجاھانىم ئىزدىدىم باغدىن سېنى،
كۆزلىرىڭ ئاھۇدا دەپ ھەم ئىزدىدىم تاغدىن سېنى.

چاچلىرىڭنىڭ بەرقىدۇر دەپ ئويىندىم تۈنلەرنى مەن،
تاۋلىنىپ بالقىپ كېلەرسەن بىر كۆرەي تاڭدىن سېنى.

ئېيتقىنا سەن بولمىساڭ تەن باركى لېك جان قايدىدۇر،
جانىمۇ، جانانىمۇ ئۆزۈڭ، دەيمەن ئەزىز جاندىن سېنى.

كۆكتە يۇلتۇز، يەردە تاۋۇس، باغدا گۈللەر جىلۋىسى،
سەن نىھانسەنكى كۆرەرمەن بارچە جەۋلاندىن سېنى.

قىلمىشىڭ بولغاچ ھامان ھەر جايغا بارساڭ ئوت قويۇش،
ئىزدىدىم تاكى بېرىپ تاغلاردا ۋولقاندىن سېنى.

داغى نۇقسانسىز ئىدىڭغۇ ساڭا قانداق تەڭ قىلاي،
سورىسام كۆرسەتتى ئاينى تاڭدا چولپاندىن سېنى.

تۇرنىلارنىڭ ئالدىغا چىقتىم، سابادىن سورىدىم،
ھىدلىدىم يىغلاپۇ ئۆكسۇپ نەچچە كارۋاندىن سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

خانۇمانسىز، يار ـ جانانسىز زەپ مۇساپىر بولدۇما،
ياشلىرىمدا لەيلىدىم، چۆكتۈمكى تاھىر بولدۇما.

ئۆتمىتۆشۈك بولدى تەن، قۇرتلار ماكان قىلدى ئۇنى،
بىر گۈزەل مەرگەن ئوقىغا شۇنچە زاھىر بولدۇما.

ماڭا تەگكەن بىرلا ئوقتا پىل ئۆلەتتى شەپىسىز،
ئۆلمىدىمكى شۇنچە ئوقتا، پەندە ماھىر بولدۇما.

بىر ۋەسلچۈن دەشتە ھىجران بولدى جەڭگاھ، قان ئېقىن،
كەلدىكى غەم لەشكىرى مىڭلاپ، باھادىر بولدۇما.

بەلكى رەسۋايى جۇنۇنمەن ھەم باھادىر ئەل ئارا،
داڭق ئېلىپ كۆپ ئاغزىدا شۆھرەتتە نادىر بولدۇما.

بولدىكى ئىشقىمغا زىنھەت بارچە تارتقان دەرد ـ جاپا،
ئەرلىكىم سۇمباتلىشىپ مەردلىككە قادىر بولدۇما.

سۆيگۈنىڭ ھىممەتلىرىگە رازىمەن مىڭ مەرتىۋە،
دەردلىرىدىن ئايلىناي، ھەسرەتتە شائىر بولدۇما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جىلۋىڭىزدە مەست قىلىپ مەجنۇنى شەيدا قىلدىڭىز،
يۈكلىبان دەردىمگە دەردنى غەمگە ھەمراھ قىلدىڭىز.

ۋاھ، ئەجەبكىم دوستمۇسىز، دۈشمەنمۇسىز ھېچ بىلمىدىم،
مېنى شەيدا قىپ قويۇپ ياتلارغا پەرۋا قىلدىڭىز.

سىزنى بىر كۆرمەك ئۈچۈن ئالەمگە كۆز ئاچقانىدىم،
ئاھ، شۇ كۆزلەرنى ئەجەب قان - ياشتا دەريا قىلدىڭىز.

يەتمىگەنتى دەشتىدەك باغرىمغا نەچچە باغبان،
يىغلىتىپ شۇل دەشتىدە باغلارنى پەيدا قىلدىڭىز.

ھەر نەپەس قەلبىمدە سىزكى، كۆرمىدىم ئاھ، داغدا مەن،
چېھرىڭىز ئالۋۇنىمدى يار، زەپ مۇئەمما قىلدىڭىز.

بىلسىڭىز زىنداندا مەن، ھەرئان قۇياشقا ئىنتىزار،
ھۆسنىڭىز بەركاتىدىن بەكمۇ تەمەننا قىلدىڭىز.

تاپتىڭىزكى ئىشقىڭىزغا خەستە كۆڭلۈمنى ماكان،
قىلغۇلۇقنى كەڭ جاھاندىن شۇل ماكاندا قىلدىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭ يوق تۇندە خانامدا، خىيالىڭدىن چىراغ پەيدا،
يېشىمدىن ئول چىراغىمغا كۆيۈپ ئۆچمەسكە ياغ پەيدا.

كۆرۈشتىن قورقمەن يارىم، دىدارىڭ تەپتى ئۆرتەيدۇ،
خىيالىڭ شولىسىدىنمۇ بولۇر باغرىمدا داغ پەيدا.

بىرىپ ھېچ ئايماي دەردنى قانات بەرمەپتىكەن تەڭرىم،
ساڭا ئاتلانغىنىمدا يار ھامان ئالدىمدا تاغ پەيدا.

كۆڭۈل پەرۋازى بەك ئۇچقۇر، لېكىن ئۇ مەن ئەمەس ھەرگىز،
ئۇچاي دەيمەنكى مىڭ پاتمان كېلەر بىر جۇپ ئاياغ پەيدا.

قۇياشسەن چاڭقىتىپ چاك ـ چاك پايانسىز چۆل-باياۋاندا،
ماڭا دەشت، تەقدىرى قىسمەت ـ ساڭا ھەر جايدا باغ پەيدا.

ئەجەبكى، لالە ـ رەيھانسەن، بىغىڭدا بۇلبۇلۇڭ داغدا،
كۈنۈتۈن بۇ بېشىم ئۈزرە ئىشق بىدادى ـ زاغ پەيدا.

كۆڭۈل قانداق ئۈمىد ئۈزگەي، بولۇرسەن ئاقۋەت بىركۈن،
يىراق چۆلدە كۆزۈم ئوچۇق شېھىت بولغانكى چاغ پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جان قىيار مۈشكۈل نېمە؟ ئىشقى بالالاردىن سوراڭ:
ئول جاپالار زەخمىنى قەلبى يارالاردىن سوراڭ.

تەگسە تىغ چۈشكەي جاراھەت، ئەمچى ـ جەرراھ قايدىكىن؟
شىددەتى ھىجران تىغىنى بىۋاپالاردىن سوراڭ.

كىرسە ئاچ ساھىل ئەگەردە ھاجىتى بىر ناندىدۇر،
ھالىنى بىر نان بىلەن تويغان گادالاردىن سوراڭ.

مەن گادايىنىڭ ئىنتىزارى نان ئەمەس جاناندىدۇر،
زارلىقىمنىڭ نەرخى ـ دەردىن مۇپتىلالاردىن سوراڭ.

بىر تىكەندىن قاقشىغاي جان، يار ئوقى باغرىمدىدۇر،
ئۈندىكى شېرىن ئازابنى باغرى قانلاردىن سوراڭ.

نى تىلەكلەر ئاقىۋەت بولدى ئەجابەت بىلسىڭىز،
ھاسىلى ۋەسلى مۇرادنى بىداۋالاردىن سوراڭ.

ئوت ـ پىراقىنىڭ ئۆچمىكىگە پەللە، مەنزىل قايدا؟ دەپ،
ئۆمرىبان يولدىن ئاداشقان رەھنەمالاردىن سوراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېزىپ چۆللەرنى ئايدىڭدا غېرىب سايەمدە يالغۇزمەن،
ئۇپۇقلارغا سوزۇلمىشتۇر ئىزىم، پايەمدە يالغۇزمەن.

ھۇزۇرى، ھىممىتى قايدا؟ مېنى زار ئەيلىدى ساقىي،
ساپالىم تەلمۈرەر ئۇلپەت قېنى؟ دەپ، مەيدە يالغۇزمەن.

يېتىپ ھەر لەھزە ئاھ ئۇرسام چىراغىنىڭ يالقۇنى ئۆچكەي،
ئۇنى پەرلەيدىغان كىم بار؟ سوغۇق خانەمدە يالغۇزمەن.

نىگارسىز مۇڭ تۆكۈپ تۇرسام ئاھانەتتۇر ناۋا ـ نەغمە،
بۇلۇڭدا دۇم يېتىپ يىغلاپ ھېيت ـ ئايەمدە يالغۇزمەن.

باھارنىڭ قۇشلىرى جۈپ ـ جۈپ ئۇچۇپ ئۆتكەندە تولغاندىم،
جۇدالىق تەقدىرى دەردكەن، بەخت ـ تالەيدە يالغۇزمەن.

جانانىم جىلۋىسى بالقىپ كۆرۈندى كۆكتە يۇلتۇزدەك،
ئۇنۇم يەتكەيمۇ چاقىرسام ئىندا ـ نالەمدە يالغۇزمەن.

يىراق دەشتلەرگە تاشلانغان گويا كارسىز قارا تاشتەك،
نىگارنىڭ يادىدىن ئۆچتۈم، جىمى ئالەمدە يالغۇزمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈكنى تۇرغۇزار لوقمان پىراقنى بىداۋا دەرلەر:
ئىشقسىز خانۇ خاقاننى مېيىت ئۇ ـ بىناۋا دەرلەر.

ۋاپاسىز بۇ جاھاندىن بىر ۋاپادار يار تاپقاننى،
قىلىپ ھەيرەتتە دەردمەنلەر چوقۇمكى ئەۋلىيا دەرلەر.

سۆيۈپ ئۇ بەختى قاچقانلار ئۇنىڭ قول، پايىگە يىغلاپ،
بولۇڭچۇ بىزگە قۇرئەنداز، نىجاتكار رەھنەما دەرلەر.

نە قىسمەت، ۋەسلى باغىغا يولاتماي بىزنى جانانلار،
جۇدالىق دەشتىگە باشلاپ كېلىڭچۇ ـ مەرھابا! دەرلەر.

سرى پىنھانى ئاشقنى كىمكى كۆرسە ھەر جايدا،
دىلىگدا يانغىنى ئاتەش، چىرايىڭ كەھرىۋا دەرلەر.

ئۇنى ئەما تېۋىپ كۆرمەي يىراقتىن ھىدلىبان جەزمىن،
ساڭا مەندە داۋا يوقتۇر، شىپايىڭ دىلرابا دەرلەر.

نېچۇن شۇنداق؟ دېسەڭ زارلاپ ياشاشىنىڭ ئۆرنىكى دانا:
جاپاسىدىن ھايات رەڭدار، ۋاپاسى تۇتىيا دەرلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر گۈزەل سۇرەت ئېرۇر كۆركى جاھاننى كۆرسىڭىز،
رەڭمۇرەڭ قىسمەت ئېرۇر ئۆمرى پاياننى كۆرسىڭىز.

سەيرى باغ ئەيلەپ گۈلگە مەھلىيا بولدى كۆڭۈل،
تاڭ قالۇرسىز گۈل قاناتقان چاغدا قاننى كۆرسىڭىز.

بوپتىمەن بۇلبۇلغا شەيدا سايرىسا ئۇ گۈل ئۈچۈن،
ئۆزگىنىڭ دەيسىز ئۇنى باغرىدا داغنى كۆرسىڭىز.

تۈن سۈزۈك چاغ مۇپتىلا قىلدى مېنى چولپان كۈلۈپ،
بىۋاپانىڭ سايىسى دەيسىز تۇماننى كۆرسىڭىز.

ئاي بىلەن مۇگداشقىلى چىقسام دالاغا تۈن بىلەن،
ئۇ قېنى، قاچتى قايان؟ دەيسىزغۇ تاڭنى كۆرسىڭىز.

قەلبىنى پىنهان تۇتۇپ پەيۋەندە قىلدى بىر گۈزەل،
كۆلىسىز ئازغان كۆڭۈل تاپقان جانانىنى كۆرسىڭىز.

بىر زىيارەت قىلغۇڭىز كەلسە ئۇنى ئەي دوستۇما،
دەل شۇكەن دەيسىز چوقۇم زەھرى چايانىنى كۆرسىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پىقىرانە ئۆتكەن مىسكىن ئوغۇلتۇم،
ئۆزۈمنى جۇنۇنلۇقتا ئەلگە تونۇتتۇم.

تونۇلدۇمۇ ئەلگە بولۇپ ئەپسانە،
كۆرۈك، كىملىكىمنى ئۆزۈم ئۇنۇتتۇم.

كەلدى قايسى ئالەمدىن ئىنسانمۇ، ھۆرمۇ،
شۇنداق بىر سىيماكى قايدىن يولۇقتۇم.

ئاتلـئانام بىھوش ھالىمغا يىغلاپ،
مەندىن قاچتى قورقۇپ دوست، ئەھلى يۇرتۇم.

بولدۇم يېنىپ تۆنلەردە مەشئەلۇمەشئەل،
يارنىڭ كېلەر يولىنى كۆندەك يورۇتتۇم.

قىلدىم باياۋاننى يېغلاپۇ زەيكەش،
قاقلاپ ئاھلىرىمغا يەنە قۇرۇتتۇم.

ھەيران قېلىشتىغۇ ماڭا لەھەڭلەر،
زەرداب دېڭىزىدىن نەچچىنى يۇتتۇم.

يېغان چەكسەم تولغىنىپ ئىمجان يىلاندەك،
بولدى تۆتەكلەردىن ئاسمان بۇرۇقتۇم.

پەرھادۇ قەيسلەر قالدى نەلەردە،
ۋاپا بەيگىسىدە ھەممىنى ئۇتتۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چىقىن جىلۋەڭنى كۆرگەندىن بۇيان ھەيرەتتىدۇر بۇ جان،
نە ھەيرەت، ھەيرىتى كەتتى، كۆيۈپ ھەسرەتتىدۇر بۇ جان.

نە ھەسرەت، ھەسرىتىم كۆن ـ تۈن سېنى كۆرمەك ئۈچۈن ئەي يار،
ئاشۇ ھەسرەتتە قىلدەك تولغىنىپ لەززەتتىدۇر بۇ جان.

تولۇن ئاي بەختىما تۈندە، خىيالىڭ دىلدا ھەر كۈندە،
شاماللاردىن ھىدىڭ كەلسە شۇئان جەننەتتىدۇر بۇ جان.

ئۈزاق ساقلانسا مەي قايناپ قىيامى ئوت ئېلىپ يانغاي،
قاچاندىن كۆيدىكىن باغرىم ھامان شىددەتتىدۇر بۇ جان.

چىدالماي ھىجرى بىر كۈنگە «كۈن!» دەپ تۈن قارا بولدى،
چىداپ كەلگەنگە ھەيرانمەن، ئەجەب پۇرقەتتىندۇر بۇ جان.

بېشىمغا پىتنىلەر ياغدى، پۈتۈپتۇ نەچچە ئۈن داستان،
زامان مۇنبەرلىرىدە كۆر، كۆرەك، شۆھرەتتىندۇر بۇ جان.

نىگارىم ۋەسلىگە يەتمەك ئۈچۈن بارىم تەسەددۇقتۇر،
ئاشۇ كام كامرانلىققا پىدا، ھىممەتتىندۇر بۇ جان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىگارىم جىلۋە ـ جەۋلاندا جىھاننى ئىنتىزار قىلدى،
گويا كىرپىكلىكى ياشتەك بىتاقەت زارۇزار قىلدى.

قۇياشنىڭ ئاستىدا ئالتۇن قەسىردە ئويىنىغان ئول يار،
بوسۇقتا باغلىتىپ مېنى تەمەننا ئېپتىخار قىلدى.

ئۆزۈمدىن سورىدىم «كىم؟» دەپ مېنى كىم تونۇغاي ئەمدى،
كۆزۈم قان، تەندە مىڭ زەخمە، زەبۇن دىۋانەۋار قىلدى.

گاداي كۆرسەتسە يارەنلىك كىيلەرمىش قەھرى سۇلتاننىڭ،
سوراقلاپ سۆربان يارىم ئارا ئەل شەرمسار قىلدى.

غېرىب ساھىلغا بىر يارماق بېرىپ ئۆتكەن غېنى يەڭلىغ،
ماڭا كۆز تاشلىبان ئېھسان بىلەن بىر ئېتىبار قىلدى.

يۈرۈپ مەيخانە-مەيخانە ئالالماي ئۈنچىلىك لەززەت،
زۇلۇم ھىجراننى يارنىڭ يەنە جان ئىختىيار قىلدى.

جامال - دىدارىڭچۈن «دادا!» دەپ كېلىپ دەرگاھىدا ياتسام،
كۈلۈپ، ئەخمەق دىبان ئول يار شاھانە بەختىيار قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توىدى جان بولغانغا جان، ۋەجى جاناندۇر بىلسىڭىز،
ئاي يۈزىنىڭ داغىدا بارىم ساماندۇر بىلسىڭىز.

كۆيدۈما، كۈل بولمىدىم، قان ئۆچتى رەڭگىمدىن بىراق،
زەپىرانلىقتىن تامام ھالىم ئاياندۇر بىلسىڭىز.

دوزىخى تەكتى لەھەتتە بارمىكىن يىلانۇ-قۇرت،
ھەر خىيالى باغرىما يۈزمىڭ چاياندۇر بىلسىڭىز.

ئاۋۋىلىدا چوغلىنىپ يانغان لىۋىنىڭ جىلۋىسى،
ئەمدى باقسام جان قىيار زەرداپۇ قاندۇر بىلسىڭىز.

ئۆلگىنىگە خەيرىيەت ـ ھىجران بىلەن جاندىن ئازاد،
قىينىلىپ ئۆلمەي تىرىك كۆيگەن ياماندۇر بىلسىڭىز.

بىر بېشىمغا كەلدىكى ھەربىر ئۆتەڭدە مىڭ جاپا،
دەرد‏ـ ئەلەمگە يۈرىكىم ئەسلىي ماكاندۇر بىلسىڭىز.

ۋەسلى دىدارغا يېتىش ئالەمشۇمۇل ئارمان ئېرۇر،
تاڭ قۇچۇپ يار سۆيمىكىم ئېيتىڭ قاچاندۇر بىلسىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

تىلسىمى ئالەمدىمەنكى ئەقىل ـ ھوش ھەيرەتتىدۇر،
نۇرلىنىپ ئىشق ئىشرەتىدىن يايرىشىم جەننەتتىدۇر.

ھەيرىتىمدىن تا بىھوشمەن، كۆز قاماپ، تىل بولدى لال،
جىلۋىلەردە خۇلقى يارنىڭ مىڭ تۈمەن سەنئەتتىدۇر.

گەر مېنى يوقلاشقا كەلسە ئول نىگار چۆل ـ دەشتىگە،
چاقنىغان گۈل ھۆسنىدىن بالقىپ ياۋان زىنىنەتتىدۇر.

ئۆلگەـئەنداز ئالغىلى كەلگەي پەرىلەر دەممۇ دەم،
بىر زىيادىن مىڭ ئىبا ئەيلەپ ئاڭا خىزمەتتىدۇر.

كۆلسە يار باغلاردا بۇلبۇل رەشكىدىن قان قۇسقۇدەك،
نازغىسا تالۇ چۈشقىتەك ياسمەن ھەسرەتتىندۇر.

ئايغا باقسام ئاي جامالى كۆرستەر يار چېھرىنى،
كۆك قۇچۇپ پەرۋازلىرىدا جان قۇشۇم رىغبەتتىندۇر.

سويلىسام يايراپ خيالەن باغرىدا يىلان بولۇپ،
دەۋرگەي ئېرىپ ۋۇجۇدۇم، تەنلىرىم شەربەتتىندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سېغىنىپ قالدىمكى دەشتنى باغۇ گۈلزار ئالدىدا،
چۈنكى بار كۆپ ئەسلىمەم چۆللەردە مۈڭ ـ زار ئالدىدا.

سىلكىنىپ بارخانلىرى، توغراق غۇلاپ چۈشكەندى،
نالىبان پەرياد بىلەن يارىمغا ئىزهار ئالدىدا.

هۆسنىدىن زەر تەخت ياساپ شاهى جاهاندەك تۇردى ئۇ،
مەن غېرىب، ئاشىق زەبۇن، مەجنۇنىۋار خار ئالدىدا.

تىترىدىم، بولدۇم شۇئان تۇتقۇندىكى مەھكۇم ئۆزى،
ئەلۋىدا! ئالەم دىبان تۇردۇم گويا دار ئالدىدا.

شۇنچىلىك سۇر - ھەيۋىنى بەردى ئاڭا كىم ئايىماي،
رەھىمدىن قىلچە ئەسەر زىنھار يوق زار ئالدىدا.

جاننى قىينار بىۋاپادىن نەختى جاللات ياخشىراق،
نەچچە رەت ئۆلتۈردى كۆندە مېنى ئەغيار ئالدىدا.

ئۆزگە قىلماي ۋاپا لوقمانمۇ كەتتى ئاقىۋەت،
بىۋاپا تۇرسا ئۆمۈرمۇ رەنجمەي يار ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشق غوۋغاسىنى تەڭرىم ياراتمىش،
زېمىن، ئاسمان ئارا سەپسىن تاراتمىش.

ئىلاھ سەنئىتىدە پۈتتى گۈزەللەر،
ھەتتا يۇلتۇزلارنى ئاڭا قاراتمىش.

قىيا بېقىشتىكى ئوقيا داغىدا،
ئاشىقلارنىڭ باغرىن قاناتمىش.

زامان ئۆچقۇلىرى بەرگەنمۇ قانات؟
لەيلى بىلەن شېرىن ھەريان ساياقمىش.

ئىزدەپ ئۇلارنى دەشتى - ياۋاندا،
پەرھاد بىلەن مەجنۇن تېخى ھاياتمىش.

ۋاپا جەۋھەرلىرى كەتكەنمۇ ئۇپراپ،
سۆيگۈ بازاردا ئوقەت كاساتمىش.

لوللارنىڭ كۆركى ھەرئان كۆرەكتە،
ئەھلى ۋاپالارنىڭ ھالى خارابمىش.

ماك - ماك ئېغىزلارغا قوزۇق چىش قاداپ،
موماي سەتەڭلەرمۇ قاش - كۆز ياساتمىش.

«بۇ نە ئالامەت؟» دەپ سورىسام كۆكتىن،
ھايات قىسمەتلىرىدىن بىزگە پاراتمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆكتە چاقماق ياندى ئاھىم لەرزىدە،
مەن جۇنۇننىڭ داغى ھىجران ئەرزىدە.

بىر كۆزۈم ياش، بىر كۆزۈم قاندىن بۇلاق
بولدىكى يانغىندا قالغان جەزرىدە.

كۈندۈزى ئىمجان يىلانىدەك سويلىدىم،
چۈشلىرىمدە قاقشىتار يار غەمزىدە.

باغرىما دەشت قۇزغۇنىغا لوقمىدۇر،
يار لېكىن يايرايدۇ ئىشرەت ـ بەزمىدە.

ياشنىدى چۆلنىڭ تېۋىلغا، يۇلغۇنى،
مەڭدىكى دەريايى ئەپغان نەزمىدە.

دەھشىتا، تاغدا بوگۈن كۆن چىقمىدى،
تۇرمىغاچ يارىم قارارۇ لەۋزىدە.

پاكلىنىپ بولماس قارا يۈز بولدى ئۇ،
ئىككى ئالەملىك ئەقدەم قەرزىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشقى سەۋدايىم بېغىدا بەزمە تۈزگەيمەن قاچان؟
چىشلىبان يارنىڭ لېۋىدىن غۇنچە ئۈزگەيمەن قاچان؟

قىر ـ قىيالارغا ئاياغىم قان بىلەن گۈل چەكتىلەر،
ئول نىگار دەرگاھىغا قۇللارچە كىرگەيمەن قاچان؟

دۇر، گۆھەردەك پۈتلىرىغا سۆيمىكىم ھەددىم ئەمەس،
يىغلىبان ھەربىر ئىزىنى كۆزگە سۈرگەيمەن قاچان؟

كۆز يېشىمدا يار ئۈچۈن دەشتنى گۈلستان ئەيلىدىم،
گۈل كېزىپ يارىم بىلەن شۇل باغدا يۈرگەيمەن قاچان؟

تۆندە كۆن چىققان كەبى كۆركى يېنىپ بىر پارلىسا،
كۆز بولۇپ باشتىن ئاياغىم بىرلە كۆرگەيمەن قاچان؟

چۆش قۇچاققا دەپ قۇياشنى بۇيرۇماق مۇمكىنمىدى،
دېگىلى ھېچ كەلمىدى تىل،ــ سېنى سۆيگەيمەن قاچان؟

يەتتى جان ھەلقۇمغا ئاخىر، ۋەسلىدىن كەتتى ئۈمىد،
تارتىشىپ يۇمماي كۆزۈم ھىجراندا ئۆلگەيمەن قاچان؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەنلىرىم چوغدان، يۈرەك چوغ، لەۋ چوغىغا زار ئىدىم،
سۆيگۈدە چىن بولسا يار چىنلىقتا چەندان يار ئىدىم.

ئالدىدا تىلدىن جۇدامەن، سۆزگە ھەددىم بولسا گەر،
نالىبان قان ـ ياش بىلەن دەريا كەبى ئىزھار ئىدىم.

بارغىلى ياردىن ئىجازەت بولسا مەنزىلگاھىغا،
قول، ئاياغىمنى قانات ئەيلەپ شۇئان شۇڭقار ئىدىم.

گاھ پەلەكۇ، گاھ زېمىندا بولسا غايىب، جىلۋىدار،
ئىزدىبان ئالەم ئارا زارۇ ساياق سەييار ئىدىم.

جاننى پىدا ئەيلىمەك ئاشىق ئۈچۈن قۇت، شان ئېرۇر،
يار ئۈچۈن ئۆلمەكنى مەن نۇسرەت دىبان تەييار ئىدىم.

قەترە سۇ تەشناغا جان، بولدى ۋاپاسى تۇتىيا،
دەردى دىشۋارىغا يارۇ مېھرىگە ئەغيار ئىدىم.

پۈتتى ئۆمرۈم داغ بىلەن ئۆرتەپ جۇدالىق يالقۇنى،
دەردىما ـ نەختى جاھانغا بىرلا رەت دىدار ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يايرىتىش جانۇ كۆڭۈلنى يارۇ جانانىدىن كېلۇر،
داغى زارۇ مۇپتىلالىغ ھۆسنى جەۋلانىدىن كېلۇر.

تىلغا تالىقتۇر قىيام، شەربەت لېكىن دىل لەززىتى
ئۆكسۈمەس ئىخلاس ۋاپاسى مېھرى قەنتدانىدىن كېلۇر.

ئوۋدىكى سەييادقا ئاھۇ ياشلىرى كار قىلمىغاي،
ئەل قىلىش جاللاتنى شەيدا باغرى ۋەيرانىدىن كېلۇر.

يەتسە بىر ۋەسلى دىدارغا ئۆمرىبان بەختىم دېمەك،
سۆيگۈگە پەيۋەندە يەكتا مەردىمەردانىدىن كېلۇر.

جان گۈلى كۆيسە پىراقتا كىم ھەزىل قىلغاي ئۇنى،
ئول ھەزىل ئىشق دەردىگە ھوش- ئەقلى ھەيراندىن كېلۇر.

باغلىبان ئاشىقنى سۆرەپ ئەلگە ئىبرەت ئەيلىمەك،
زاتى ئىنسان، نەرخى ئىبلىس، قەلبى گۇمراندىن كېلۇر.

كۇندۇزى يانغان قۇياش شامدا سامادىن يوق بولۇر،
يالقۇنى ئۆچمەيدىغان ئوت ئىشقى ۋۇلقاندىن كېلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نالىدىم ھەققە مېنى قىلدىڭ ۋاپاغا زار دەپ
بارچىگە بولدى نېسىپ قايدا ماڭا دىلدار؟ دەپ.

تەلىيىمنىڭ شۇملۇقىمۇ ياكى بەختىم يانغىنى،
بىلدىما سايەمنى ھەمراز، دىلكىشىم، ئەسرار دەپ.

تاڭدا گۈل شەبنەملىرىنى لەۋلىرىمگە تامغۇزار،
چاڭقىبان ھىجران دېغىدا بولمىغىن بىمار دەپ.

يۇلقۇنۇپ تۇتقۇندىكى لاچىن ساماغا تەلپۈنەر،
قوي مېنى يايراي ھاۋادا كۆك سۈيۈپ سەييار دەپ.

تەنگە بەند كۆڭلۈم ۋىسال ئىزدەپ ھامان پەرياد ئېتەر،
يىغلىغاندەك ئول قەپەستە بۇلبۇلى گۈلزار دەپ.

مۇڭ تۆكۈپ سايرايدۇ كاككۇك دىلنى پارە قىلغۇدەك،
بۇ غېرىب ھالىڭنى ئەلگە مەن قىلاي ئىزھار دەپ.

بەردى دەردنى ئايىماي تەگرىم داۋانى بەرمىدى،
ۋاھ، ئۆتەرمەنمۇ جاھاندىن بەر ماڭا بىر يار دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈپ كۆپ بولدى قەددىم «كى» لېكىن ئۇل يار كەلمەيمىش،
يىراق ئاسماندا چاقماقتەك يېنىپ رۇخسار كەلمەيمىش.

يۈرەكنى غۇنچىدەك تاۋلاپ تۇتاتتىم گۈل قىلىپ تەننى،
پايانداز بولسىمۇ بارۇ يوقۇم زىنھار كەلمەيمىش.

ئۈنىڭ يادى بىلەن ھەرئان ياشاشقا تاپتىما ئىمكان،
بىراق، بىر لەھزە كۆرمەككە ئېچىپ دىدار كەلمەيمىش.

مېنى ھەر تاڭدا يوقلاپ كۈن بېشىمغا مېھرىنى تۆكتى،
ئەجەب، ئاشىقلىقىمدىن يار بولۇپ بىزار كەلمەيمىش.

ھۇقۇشتەك ھۇۋلىدىم تۇنلەر ئارا يىغلاپ مازارلاردا،
نىتەي، چۇش لەززىتىدىن يار كېچىپ بىدار كەلمەيمىش.

پىراق، ھىجران لاۋلـئوتكى تەسەللى تەسكىنىگە سۇ،
مۇسۇلمانزادىدەك كۆڭلىن قىلىپ ئىزھار كەلمەيمىش.

قاچان، كىم جەھلىدە سۆككەن دىلى چەكپارە ئاشىقنى،
مېنى ھىجران تىغىدا ئۇ قىلىپ مىڭ پار كەلمەيمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەپەس ئالتۇن لېكىن بۇلبۇل قۇسۇپ قان زار يىغلايدۇ،
ئەجەبكەن شىددەتى ھىجران دىلى مىڭ پار يىغلايدۇ.

كۆرۈك، نالەش بىلەن يانغىن يېقىپ ھەر تامچىغان قاندىن،
گۈلنىڭ ئىشقىنى شۇنداق قىلىپ ئىزھار يىغلايدۇ.

قېلىپ دەھشەتتە زەر قونداق پىغاننىڭ لەرزىدىن سۇنغاي،
بىراق پۇرقەتتە ئول جانۋار بولۇپ بىمار يىغلايدۇ.

جۇدالىق جۇتلىرى باسقاچ توزۇپ غۇنچە، سولۇپ ياپراق،
ۋاپادار بۇلبۇلۇم قايدا؟ دىبان گۈلزار يىغلايدۇ.

ۋىسالسىز ئۆمرىدىن قاقشاپ يىراق باغلاردىكى كاككۇك،
گويا يەر، كۆكنى باغرىدەك قىلىپ مۇڭزار يىغلايدۇ.

ئاشۇ مۇڭلاردا مۇڭلانغان بۇلۇتلار قوينىدا ئايدەك،
بىرى ئەل ئوينىسا يايراپ، سۇنۇق رۇخسار يىغلايدۇ.

ئۇنى كىم؟ دەيسىزا، مەن شۇ ـــ ئىشقنىڭ ئەھلىدە يەكتا،
قاراڭ، ھالىمغا بۇلبۇل ھەم پۈتۈن سەييار يىغلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھاياتىم مەنسى كەتتى، بولۇپ ۋەيرانە مەن سەنسىز،
ئۈمىدىم مەشئىلى ھۆسنۈڭ ئىدى، چەكپارە مەن سەنسىز.

ئۆزۈڭدىن ئۆزگە مەھرەم يوق، ماڭا ئۇ رەھنەما قايدا؟
ئۇزاق چۆللەردە يالغۇزمەن، ئېزىپ سەرسانىمەن سەنسىز.

يېنىمغا كەلمىدى زاغمۇ، قېچىپتۇ ياتسىراپ سايەم،
ئاھۇلار ئۈركىدى مەندىن، غېرىب، يېگانىمەن سەنسىز.

ئۆزۈمنىڭ ئىزىغا سۆيسەم شۇئان ئىنسان ھىدى كەلدى،
بولايمۇ ئېيتقىنا ئاخىر ئۆزۈمنىڭ يارىمەن سەنسىز.

ھاپاشلاپ يۇردۇما تەننى، يېتەكلەپ جاننى ھەر مەنزىل،
قۇتۇلماق بولدۇما قانچە، يۈرۈپ ئاۋارىمەن سەنسىز.

قونۇپ كارۋان يېقىپ قويغان يىراق گۈلخانغا تەلپۈندۈم،
ئېتىلدىم ئوت، چىراغ كۆرسەم بولۇپ پەرۋانىمەن سەنسىز.

جانانلىقتىن مۇقەددەسسەن، ئۆزۈڭگە بەند ئىدى جانىم،
ياشاپ يۈرگەنلىرىمگە ۋاھ! ئەجەب ھەيرانىمەن سەنسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس يار ۋەسلىگە ھېچكىم كۆنۈتۈن ئىنتىزار مەندەك،
تىغى ھىجراندا كىم قىلغاي يۈرەكنى پارە-پار مەندەك.

يېگانە يىغلىغاي توغراق ئاناسىز ئاھۇغا چۆلدە،
جۇدالىق لەرزىدە ئاھۇ بولالماس بىقارار مەندەك.

مەدەنلەر ئىچرە كەم ئالتۇن، شۇڭا ھەر زەررىسى ئەتىۋا،
ۋاپا كۆرمەپتۇ ئۆمرۇم، كىم ۋاپاغا زارۇزار مەندەك.

تىلەك پەرۋازى يۈكسەكتە، ئاسان قونداقچا رايىم يوق،
يۈرۈپ ھىجراندا-لەززەتتە بولۇر كىم بەختىيار مەندەك.

ئىشقىنىڭ بەرقى تاغلاردىن گوياكى بالقىغان نۇردۇر،
ئۇنىڭدا چۇلغانغىنى شەكسىز ياشايدۇ بىغۇبار مەڭگۈ.

مۇھەببەت بەرگىدىن بىر گۈل يېتىشتۈردى كۆڭۈل باغىم،
تېپىلماس باغىبان ئەھلى ئىچىدە غەمگۇزار مەڭگۈ.

سۆيۈشلەردە گۈزەل ئالەم، ئېپار چاچقىيدۇ ھەر ياندىن،
كۆرۈندى گۈل بولۇپ دۇنيا، كىمكى گۈلخۇمار مەڭگۈ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ھەر بالا كەلسە كۆرۈڭ، ئىشقى بالانى كۆرمىڭىز،
قەددىڭىزنى يا قىلىۋر ياردىن جاپانى كۆرمىڭىز.

خەيرى - ئېھسان ياغدۇرۇڭ مىسكىن - پېقىرلار قوۋمىغا،
يار دېغىدا زارۇزار ئاشىق گادانى كۆرمىڭىز.

سىز كەبى سەيياھ ئۈچۈن ئالەم پايانى بىر قەدەم،
مەن كېزىپ قان يىغلىغان دەشتى - دالانى كۆرمىڭىز.

ئۆزگە دۈشمەندىن زەرەر چاغلىق لېكىن ئەيلەڭ ھەزەر،
ئول بالادىن ساقلىغاي قاشى قارانى كۆرمىڭىز.

مەرھابا! دەڭ جەبرائىل كەلسە جاپادىن سىز ئادا،
ئىشقدا ھەر كۈندە بىر جاننى ئالارنى كۆرمىگىز.

ئەھلى بەندەم دېسە ھەق قىلماس گۈزەلگە مۇپتىلا،
ئىس ـ تۈتۈنسىز ئۆرتىگەن ئۇنداق جازانى كۆرمىگىز.

ئەي، ھېكمەلەرنىڭ پىرى ـــ لوقمان ئاگاھىم شۇل مېنىڭ،
تاپمىغاي سىزدىن شىپا باغرى يارانى كۆرمىگىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى باغدا، داغدا ھەيران بولدۇما،
ئايمۇ، ئىنسانمۇ؟ ـ دېدىم، بىلمەي پەرىشان بولدۇما.

قىلمىغان پەرۋا ئەجەلگە غەيۇران ئوغلان ئىدىم،
ئاھ! دېدىم، ئالدىڭ ئەسىرگە، شۇندا ۋەيران بولدۇما.

بىلمىدىم جاللاتمىدى قوۋمى گۈزەللەرنىڭ ئەزەل،
خامتالاش قىلدىڭ تىتىپ، پايمالدا قان-قان بولدۇما.

كۆزلىرىڭدىن چاقنىتىپ ئوت، كىرپىكىڭدىن ياغسا ئوق،
تەننى قالقان قىپتىمەنمۇ جەڭدە تالقان بولدۇما.

نېمە ئۇ دوزاخ ئوتى؟ بىر لەھزە جىلۋەڭ ئالدىدا،
ئىزدىدىم ۋەسلىڭنى دەپ يالقۇندا مېھمان بولدۇما.

بىر ئۆلۈككە نە كېرەك ئىشقى ـ پاراغەت لەززىتى،
تەن كاۋاپ، جان بارمىكىن، دەردىڭدە قۇربان بولدۇما.

ئۇستىخان، گۆشتىن قۇتۇلدۇم، يار بىلەن سەييارىمەن،
سەيلە قىپ ھۆرلەر ئارا جەۋلاندا سۇلتان بولدۇما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

خارۇزار قىلدى مېنى يارنىڭ پىراقى كۆيدۇرۇپ،
قىلدى دال قەددىمنى شەمشاد سىياقى كۆيدۇرۇپ.

ھۆسنى تۇرسا ئوت ـ لاۋا كۆيمەك ئۇنىڭدا نە ئەجەب،
ئەيلىدى سەرخۇش يىراقتىن ھىد-پۇراقى كۆيدۇرۇپ.

بالىسى قاپقاندا قالغان بىر كېيىكنىڭ زارىدا،
ئايلىنارمەن ئۆيىنى تۈندە چىراقى كۆيدۇرۇپ.

ۋەسلىدىن ئۈزسەم ئۈمىد ئىشقى تۇتاشتى قايتىدىن،
مېھرى تۇرماق قىينىبان جازا ـ ياساقى كۆيدۇرۇپ.

چاچلىرىمنى ئۆستۈرۈپ بەلگە چۈشۈردۈم، ئوينىدىم،
ئول نىگارنىڭ سۇمبۇلى، قاشى ـ قىياقى كۆيدۈرۈپ.

مەن بىدارمەن ھەر كېچە، چولپاننى ساقلاپ تاڭغىچە،
ياندى ئوتتەك كۆزلىرىم، كۆزى قاراقى كۆيدۈرۈپ.

چىمبۇلاق كۈلسە ۋىلىقلاپ يىغلىدىم پەرياد چېكىپ،
شۇ بۇلاقنىڭ كۆزىدەك ئويناق زىناقى كۆيدۈرۈپ.

گەر ئۆزىن كۆرسەم ئۆلەرمەنمۇ دېدىم بىر ئاھ بىلەن،
كەلدى جان ئاغزىمغىلا مەنزىل يىراقى كۆيدۈرۈپ.

كەلمىسۇن يار، كۆرمەيىن، كۆيسەم كۆيەيكى داغىدا،
كەلسە كۈل بولمامدىمەن باشتىن ئاياقى كۆيدۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خىيال ئەتسەم نىگارىم نۇرىدىن تۈندە سەھەر پەيدا،
ئۇنىڭ يادى جۇلاسىدا باياۋاندا شەھەر پەيدا.

يارەنلەر زارلىدى ھالىم ئۈچۈن تەنبىھ-نەسىھەتتە،
ۋىسال قايدا؟ ھەزەر قىلغىن - دېدى - ھەرئان خەتەر پەيدا.

جانانسىز جان ئارامى يوق، كۆڭۈلنىڭ ئاسمىنىدا جۇت،
ئەگەر يالغۇز ئىچىپ شەربەت تېتىپ كۆرسەم زەھەر پەيدا.

قۇتۇلماق ئىستىگەن يارىم ئەۋەتسە ئوغلاپ مەينى،
ئۇنىڭ ھەر قەترىسىدىن مەن ئۈچۈن بالۇ شېكەر پەيدا.

يۇرەرگە نە ماجال مەندە، ئۇمدنىڭ رىغبىتى تەندە،
تىلەك پەرۋازىدا مەنزىل قۇچۇپ داغدام سەپەر پەيدا.

رەشك لەشكەرلىرى تۇتقۇن قىلىپ يولدا كىشەن سالسا،
سائادەت بۇ، ساداقەت ئالدىدا نۇسرەت-زەپەر پەيدا.

ئىشقتىن جىلۋىدار بولغاي كىشى ھىجران بىلەن كەتسە،
لەھەت يورۇق ماڭا ئۇندا بولۇپ شەمسى،قەمەر پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ بۇلبۇل بىلەن گۈلنى جېنىم خورلاندى يار كەلمەي،
يىراقتىن تۇرنىلار قايتسا يۈرەك تولغاندى يار كەلمەي.

ماڭا كار قىلمىدى كۆك ۋە كۆزۈمنىڭ يامغۇرى زىنهار،
ئىشقىنىڭ تەپتىدىن كۈن - تۈن تېنىم چوغلاندى يار كەلمەي.

ئۈمىدتىن ياشنىغانتى جان ۋىسالىنىڭ نۇرلىرى بالقىپ،
بولۇپ زۇلمەت گويا كۈندۈز قۇياش قوغلاندى يار كەلمەي.

ھەسەت لەشكەرلىرى بەزمە قىلىپ ئالدىمدا شادلاندى،
ھۇقۇشلار كۆزلىرى تۈندە ئەجەپ نۇرلاندى يار كەلمەي.

كىچىكلەپ كەتتىما غەمدىن سۈسىز گۈل ـ غۇنچە سولغاندەك،
يىغامغا ئۇن قېتىپ دەريا جاھان مۈڭلاندى يار كەلمەي.

ئۆزۈلگەندە ئۈمىد رىشتى تۇغانى كەتتى تاقەتنىڭ،
قوشۇپ ياشىمغا قان، زەرداب قىيان ئۇلغايدى يار كەلمەي.

نومۇس قىپ ئىشقىدىن مەجنۇن باياۋانلارغا كەتكەنمىش،
بولۇپ رەسۋايى سەۋدا مەن، ئىمان بۇلغاندى يار كەلمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىڭ مېنى قىلدى ساڭا بەند ـ بەندە،
ساق بىساتىم قالمىدىغۇ بۇ بەدەندە.

بارى ـ يوقۇم ساڭا تالىق قۇلۇڭ بولدۇم،
بىر كۆرۈشتە جىلۋەڭ بىھوش ئەيلىگەندە.

زالىم كۆڭلۇم قاراقىمدىن قان ئالدۇ،
ئەگەر كۆزۈم سېنى بىر كۈن كۆرمىگەندە.

مۇز ياغدۇرۇپ كۈن پەلەكتىن، ئاي تۇتۇلار،
بەختىم شورى ــ كۆڭلۈڭ مەندىن رەنجىگەندە.

ئەھلى ئىشق دۇنياسىنىڭ خاقانىمەن،
يۈرىكىڭدىن سۆيۈشۈڭگە ئەرزىگەندە.

كۈتۈشلەرنىڭ سەكراتىدا ئۆلمەسمىدىم،
ھىجرانىڭدا ئۈمىدلىرىم ئۈزۈلگەندە.

جان قۇياشىم ئۆچۈپ كېتەر ئىدى چوقۇم،
ئۆزۈڭ بۈگۈن ئۇپۇقلاردىن كەلمىگەندە.

كۆرۈندىغۇ ھەسەن ـ ھۈسەن بولۇپ دۇنيا،
لەۋلىرىڭنى لەۋلىرىمدە لەۋلىگەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەممىگە شۇكران ئەزەل تەقدىرگە قايىل بەندىمەن،
دەردىگە دەرمان چوقۇم، دەردمەنگە مايىل بەندىمەن.

غۇسسە ـ غەم شەيدا ماڭا شادلىق سىماسى تۇتىيا،
قايغۇغا ئەڭ باي ـ غەنى، ئامەتكە ساھىل بەندىمەن.

چۆلدە چاڭقاپ ئېگىرغان تەشناغا ئوخشاش زارىقىپ،
ئىزدىسەم گۈل ھەرقاچان يانتاققا نائىل بەندىمەن.

ئۇچرىسا گەر ئىزدىگەن ئۇل لالە تۇندە كۈن كەبى،
مەن گۈزەل باغمەن ئاڭا، باغۋەنگە كامىل بەندىمەن.

لالە ئىشقى ئۆتكۈزۈپ تەندىنمۇ سالدى جانغا ئوت،
تەن ئازاب، راھەتتە جان، دەردلەرگە دادىل بەندىمەن.

چېھرى لالە بىر بېقىپ مەن قۇلنى سۇلتان ئەيلىسە،
مىڭ پىدادۇرمەنكى ئول ھىممەتكە ئادىل بەندىمەن.

سۆيگۈنى تەرك قىل دېمەي جاننى تەرك ئەتكىن دېگىن،
ئىشق ئوتى ئىچرە سەمەندەرمەنكى جاھىل بەندىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جان پىدا قىلغاي ساڭا ئالەمدە كىم مەندىن بۆلەك،
يار تېپىلغايمۇ پىدايى بولغۇدەك سەندىن بۆلەك.

نەسلى ـ زاتىڭ ئوتمىدى؟ جىلۋەڭدە ئاتەش بايرىقى،
كىم چىدايدۇ يالقۇنۇڭغا مەن سەمەندەردىن بۆلەك.

سۆيگۈنىڭ سەندەللىرىدە چىڭدىلىپ پىشقان يۈرەك،
پارە بولغاي قايسى تىغدا ھىجرى خەنجەردىن بۆلەك.

ئەمدى بىلسەم مەن ساڭا، سەن يىغلىشىمغا مەھلىيا،
يوقمىدى يىغلاتقىلى جان مەنكى دەمدەردىن بۆلەك.

بىر قىيا باقتىڭ گويا ئالدىمغا پۇل، نان تاشلىدىڭ،
بەختىيار ئول رەستىدە كىم مەن قەلەندەردىن بۆلەك.

ئۆلمىگەنسەن مىنى ئۆلسۇن دەپ مىنىڭدىن سەن بۇرۇن،
كۆرمىدىم دىۋانە بوپ بىر مەررە كۆرگەندىن بۆلەك.

شۇل مىنۇت ئۆمرۇمگە تەڭ، ئۆمرۇم ئەمەستۇر باشقىسى،
بىر دىدارىڭ ئۆمرىبان بەختىمنى بەرگەندىن بۆلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئەي نىگار كۆڭلۈم كۆكىنىڭ ئەختىرى دەيمۇ سېنى،
ئول سامانىڭ ئەركىسى، شوخ كەپتىرى دەيمۇ سېنى.

ئۇنتۇماي بىر لەھزىمۇ بىر سەن بىلەن ئۆتتى كۈنۈم،
قىسمىتىم ھېكمەتلىرىنىڭ دەپتىرى دەيمۇ سېنى.

ئەھلى يۇرت ھەيرەتتىندۇركى ھۆرمۇ ئۇ ئىنسانمۇ دەپ،
ئەرشدىن چۈشكەن پەرىلەر پەيكىرى دەيمۇ سېنى.

خەيرىيەت، يادىڭ بىلەن بولدى نۇرانە ئۆمرىما،
كۈندۈزى كۈن، تۈنلىرىمنىڭ مەشئىلى دەيمۇ سېنى.

ھەر سېغىنسام تاڭدا كۆن چىققان كەبى زەر ھەيكىلىڭ،
ئۆرتىنىپ تولغانغىنىمنىڭ ھەربىرى دەيمۇ سېنى.

سەنلا باركى بەختىما، كۆن قايدا؟ دەپ ھېچ ۋەھمە يوق،
مەن بارار تەكتى لەھەتنىڭ ئەنۋەرى دەيمۇ سېنى.

بىر شېرىن ئاغرىق بىلەن يايراپ ئۆتەرمەن، شۆكرىكىم،
سۆيگۆنىڭ باغرىمغا پاتقان شەمشىرى دەيمۇ سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۈزۈك تاڭ چېھرىدەك شەكسىز ۋاپا دەرگاھىدۇر كۆڭلۈم،
كېلىڭ، پايىۋ پېتەكلەرمەن، ۋىسال بارگاھىدۇر كۆڭلۈم.

جاھان بازارى ئەبجەشتۇر، دېمەك زىنھاركى زەر مىسنى،
كۆرۈڭ، تاۋلاڭ، قىزىڭ، زەرنىڭ پەۋەس زەرگاھىدۇر كۆڭلۈم.

نە كۆڭلۈم، زەر ئىدىم ئەسلى ۋاپانى مەشئىلى قىلغان،
ۋاپالار ھەققىگە كۆرگەچ جاپا، ھەيرانىدۇر كۆڭلۈم.

ماڭا زەررە ۋاپا قىلسا ئىدىم پەيۋەندىسى يارنىڭ،
كۆزىدە تامچە ياش كۆرسەم شۇئان مىڭ پارىدۇر كۆڭلۈم.

كېتسپ يار كۆندۈزۈم تۈندەك، يورۇق بەختىم قارا بولدى،
خارابات ئەيلىدى قىسمەت تۆگەل ۋەيرانىدۇر كۆڭلۈم.

كۆزۈم يىغلايدۇ ھەرئاندا، جېنىم قاقشايدۇ ھىجراندا،
يۈرەك زەرداب بىلەن تولغان كۆرۈك دەردگاھىدۇر كۆڭلۈم.

ئۈمىدسىز تەندە جان يوقتۇر، تىرىكمەن، قانچىلىك ئۆمرۈم،
ۋاپا ئىزدەپ جاھان كەزدىم، يەنە سەيلانىدۇر كۆڭلۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دوست ـ مەھرەمسىز ئىدىم، قىلدى زۇلۇم ئول يار يەنە،
تارتىما دىشۋار ئاندىن ئىشقىدا مەن زار يەنە.

كۆرمىشمىنىڭ بارچىسى تاپقان بالاغۇ بۇ كۆڭۈل،
چۈشتى جانىم قەستىگە يارىمنى دەپ ئەغيار يەنە.

يار ئۆچۈن تىغ ئالدىغا بارسام رەقىبكە يۈزمۇيۈز،
تىغ نىمە، ئول يار ماڭا چاچتىن ياساپتۇ دار يەنە.

يار دىدارى ئۈندا دەپ باردىم كۆلۈپ دار ئالدىغا،
چەكمىدى كۆڭلۈم بۇ ئىشتىن، قىلچىلىك ئازار يەنە.

چاچلرى بوينۇمغا چۇشسە، ھىدلىسام سرتماقىنى،
كۆز ئوچۇق كۆرگەيمە دەپ بولدۇمكى مىننەتدار يەنە.

ۋەھىمكىم، ئۆلسەم شۇ يەگلىغ كۆزلىرىم ئوچۇق ھامان،
قالغۇدەكمەن يار قايان؟ دەپ تەلمۈرۈپ بىدار يەنە.

قايدا دىدار، قايدا دار؟ ئۆلمەكمۇ بولماپتۇ نېسىپ،
يانغۇسى ھىجران ئوتى داغى ئۈچۈن مەن بار يەنە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بارمۇ ـ يوقمۇ بىلمىدىم مەن ئۇل نىگارنىڭ يادىدا،
ئىگرىبان يۇردۇم لېكىن ھەرئان زۇلۇم-بىدادىدا.

غۇنچە ئىزدەپ باغقا كىرسەم گۈل ـ گىياھلار بولدى كۈل،
كەتتى ئوت شەمشادقىمۇ كۆز ياشلىرىم زەردابىدا.

بىرگە شەيدا بولغىنىمغا بوپتۇ پەيدا مىڭ چايان،
سانجىشىپ نەشتەرلىرىن باغرىمدىكى تاغ غارىدا.

تاشبورانغا تۇتتى ئەل قوغلاپ يىراق چۆل ـ دەشتىگە،
چاغلىشىپ يىرتقۇچ مېنى نالەشلىرىم پەريادىدا.

چۆلدە ئايلاندىم ئاھۇغا، يۇردۇما ھەريان قېچىپ،
ئوقى بولغاچ جان ئالار مەشئۇم ئىشق سەيياددىدا.

بولدىغۇ يار بىر مۇغەننى چالدى كۈن ـ تۈن توختىماي،
ئۆزگە مۇڭ يوقتۇر لېكىن «ئاھ!» تىن بۆلەك جان تارىدا.

سۆيمىسەڭمۇ كەلگىنە، كۆردۇمغۇ ئاخىر دەپ ئۆلەي،
كۆزدە نۇر، ھەلقۇمدىكى شۇ بىر تىنىقنىڭ بارىدا.

كۆيدۇرۇشنى كۆيدۇرۇپ سۆيدۇرمىگەن نائەھلىنى،
يەتتە ئىقلىمدا كۆرۈپتۇ كىمكى كىمنىڭ يارىدا.

مەن بىلىپ قالدىم نىگار سەندىن ۋىسال يوقكەن ماڭا،
ئەلۋىدا جايىم مۇقەررەر چاچلىرىڭنىڭ دارىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولسدى كور كۆزلىرىم ئاھ، داغى ھجراندىن بۇرۇن،
ياش ئەمەس كۆزدىن ئاقار سەلدەك ئەزىم قاندىن بۇرۇن.

يار كېتىپ قالسا جاھاندىن ماڭا ھەركۈن بىر ئۆلۈم،
كەتمىكىم پۈتمەس سائادەت يارى ـ جاناندىن بۇرۇن.

نېمە ئۇ كۆك ئاپتېپى يار جىلۋىسىنىڭ ئالدىدا،
بولغۇسى ئالەم قارا يار كەتسە كۈن، ئايدىن بۇرۇن.

دەيكى كۈن چىقتى، نىگار كۈندەك يورۇپ بىر چىققىنا،
سەن ئۆچۈن ھەردەم چىقارغا بۇ پىدا جاندىن بۇرۇن.

بىر كۆرەي ئەي رەھىمسىز تاقەت، ماجالىم قالمىدى،
كۆزدە نۇر، تەندە ئاداققى باركى دەرماندىن بۇرۇن.

بىلكى، ئاشىقنىڭ قىساسى ئوت-لاۋادا كۆيدۇرۇر،
ئىلتىپات قىل، بولغۇسى پۇتمەس پۇشايماندىن بۇرۇن.

يايرىبان باغرىڭ - قۇچاقىڭدا ئۈزۈلگە جان بېرەي،
جەبرائىل جاللاتى قەرز دەپ جاننى ئالغاندىن بۇرۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قايدا كۆردۈم، بىر بالا بولدۇڭ بېشىمغا دىلبىرىم،
تۈز ئەمەس ئوغا ـ زەھەر چۈشتى ئېشىمغا دىلبىرىم.

بىغۇبار شەبنەم كەبى ئەسلىي سۆزۈكتى بۇ ئېقىن،
قوشتۇڭا زەرداب، قىيان ئاققان يېشىمغا دىلبىرىم.

قىل پىدا دېدىڭ، پىدا قىلدىم ئۆزۈمنى مەن ساڭا،
كەلمىدىڭ، كەلدى لېكىن ئاي، كۈن قېشىمغا دىلبىرىم.

نان ئۈچۈن داپنى ئېلىپ قالدىم مالامەت كۆلكىگە،
مىڭ جۇنۇن سەۋداسىنى سالدىڭ بېشىمغا دىلبىرىم.

قىبلە قىلدىم مەن سېنى، ئەيلەپ قېشىڭنى سەجدىگاھ،
سەن سەۋەبكار بىئىمان قىلمىشلىرىمغا دىلبىرىم.

تەرلىدىم قار ـ مۇزدىمۇ ئاتەش پىراقىڭ تەپتىدە،
خەيرىيەت! بولدۇڭ لاۋا ھەربىر قىشىمغا دىلبىرىم.

سەن قىيا باقماي ماڭا تۇرساڭ جامالىڭ تەختىدە،
شادلىنىپ ئەغيارلىرىم تەگدى چىشىمغا دىلبىرىم.

قالدى نە ھوش، نە ئەقىل ھەم ئۆچتى، كەتتى نام ـ نىشان،
سەن كۆلەرسەن بۇ كەبى تارتىمشلىرىمغا دىلبىرىم.

مەيلى سۆيگىن، سۆيمىگىن سۆيگۈم دىلىمنىڭ ئىلكىدە،
مەن رىزامەن ھەرقاچان ئازمىشلىرىمغا دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كەچ دېدىڭ، گەر كەچكۈلۈك بولسا يارەن جاندىن كېچەي،
قىلكى مەھرۇم بارچىدىن قانداقمۇ جانانىدىن كېچەي.

ئۇ گويا ئالەمدىكى يېگانە كۆن تۇرسا ماڭا،
قالغىچە زۇلمەتتە كۈنسىز بارچە ئارماندىن كېچەي.

نېمە يەتكەي ماڭا شۇلدەم يار ۋىسالى بەھرىگە،
تولغىنايكى يەردە نىمجان، قانۇ دەرماندىن كېچەي.

ئول نىگار يىغلاپ تېمىتقان قەترە ياشى ئالدىدا،
كۆل، دېڭىز، دەريا، سەلەب، ئاسمانى ئوكياندىن كېچەي.

ۋەدە قىلدىڭ شاھ مىسالى ئەيش - ئىشرەت سۈرگۈدەك،
ئۇل ئىشقچۈن دەرد چېكەيكى دەۋرى - دەۋراندىن كېچەي.

تەس ئەمەس شۇل كويغا چۈشسەڭ بىركۈنى شاھ بولمىقىڭ،
ياشىشىم بىر يار ئۈچۈنلا ھەممە ئىمكاندىن كېچەي.

يا كۆڭۈل بەرسۈن نىگار، يا جاننى ئالسۇن تىغ بىلەن،
خوشلىشىپلا رەزگى جاندىن داغى ھىجراندىن كېچەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يۈلتۈزۈم ھىجرانىدا باقتىم ساماغا ھەر كېچە،
بىر ئىشقچۈن مۈپتىلا بولدۇم بالاغا ھەر كېچە.

لەۋلىرىنى تامشىبان يار ئۇخلىسا ناز ئۇيقۇدا،
مەن جۇنۇن بولدۇم، نىتەي قالدىم جاپاغا ھەر كېچە.

غارى ـ كۆلبەمگە مۆكۈنسەم چۆمكىلىپ جۇل-جەندىگە،
تەگدى يارنىڭ ئوقلىرى مەن بىناۋاغا ھەر كېچە.

ھۆر بولاي، رىشتىڭنى ئۈزگىن، قىلمىغىن تۇتقۇن دېدىم،
تىزلىنىپ يىغلاپ خىيالەن بىۋاپاغا ھەر كېچە.

بىر بېشىمنى قويغۇدەك پىنھان تېپىلغايمۇ ماڭا،
ئەيلىدى قەست ئول پەرى خۇنخور بۇ جانغا ھەر كېچە.

كۆل چېچىپ باقتىم ئۆچۈر جىلۋەڭنى، بەرگىن دەپ ئارام،
يار مەسەللىك كۆكتىكى چولپانغا، ئايغا ھەر كېچە.

بۇ پىراقنىڭ دەردىنى سەزمەيلا بىھوش بولغىلى،
ئىچكىنىمنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولدى قانغا ھەر كېچە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

بەختىما ئاشقلىقىم يار، قىلما ھىجراندىن جۇدا،
بولدى ھىجران تەنگە قۇۋۋەت، قىلما دەرماندىن جۇدا.

ئېسى ـ يادىڭدۇر ماڭا ھەرئان تىرىكلىكتىن نىشان،
سەن دىلىمدىن لەھزە ئۆچتۈڭ مەن شۇئان جاندىن جۇدا.

مېنى سەۋدايى مۇھەببەت ئەلگە ئاشكار ئەيلىدى،
پىتنىلەردىن مەن تونۇلدۇم، قىلما بوھتاندىن جۇدا.

باغرى قان ئاشىققا كۆلگەي قەلبى كور گۇمرانلەر،
كىم قىيا باققاي ئاڭا ئۇ بولسا ئەپغاندىن جۇدا.

چۆلدە يارنىڭ ئىشقى ھەمراھ، چۆلدىن ئايرىلسام غېرىب،
خۇددى گۈل سولغانغا ئوخشاش بولسا بوستاندىن جۇدا.

ئىشقى كامىل بولمىغاي ئاھىدا چاقماق يانمىسا،
خۇددى بولماس كۆركى تاغنىڭ بولسا ۋولقاندىن جۇدا.

تامچىغان ھەر قەتردىن بىر غۇنچە ئۈنگەي قىپقىزىل،
كۆزلىرىمنى ياش ئەمەسكى، قىلما خۇن ـ قاندىن جۇدا.

قوشتىن ئاشقان تاپنى كۆرسەڭ بولغۇسى باغرىم ئايان،
لالىزار باغرىمنى كۆر، قىلما باياۋاندىن جۇدا.

دەشت ئارا يىغلاپ ناۋا قىلدىم نىگارنىڭ نامىنى،
بولمىغاي چۆل ئۇ گۈزەل پەريادى داستاندىن جۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ چىقماققا مۇمكىنمۇ كىرىپ يات قەلبىگە بىلسەڭ،
رەپىق ئاز ۋە لېكىن كۆپكەن رەقىب ئىشق ئەھلىگە بىلسەڭ.

باياۋانلاردا قىل نالە پىراقىنىڭ شىددىتى ئۇرسا،
تۆكۈپ غەيرىيگە سىر ئېيتما، يېتەكلەر خەيلىگە بىلسەڭ.

سۈپەتلەيدۇ جانانىڭ ھۆسنىنى داغلاردا زىننەتلەپ،
لەئىن دەيدۇ چوقۇم قويساڭ ئۇنى گەر مەيلىگە بىلسەڭ.

ساڭا قىلغان ۋاپا ـ مېھرى جاپا ـ كۈلپەتكە ئايلانمىش،
ئەگەر كۆنسەڭ ئاشۇ سۈيىقەست پىرىنىڭ پەيلىگە بىلسەڭ.

چوقۇم زىنھارى كۆرسەتمە مەھەللە، كوي، بوسۇغاڭنى،
نىگاھ، زوۋقى نىگارىڭدا ئاشۇنداق تەلۋىگە بىلسەڭ.

چىمەننىڭ تەكتىدە قاپقان جىنىڭنى قاقشىتار جەزمەن،
ئېلىپ چىقساڭ جانانىڭنى قاچانكى سەيلىگە بىلسەڭ.

قەيسنى ئەيلىدى مەجنۇن ھەسەتتىن ناشۇكۇر شاھمۇ،
جاھانغا بىنەزەر مەيلى سىلىپ كۆز لەيلىگە بىلسەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لالىنىڭ باغرى يېرىلدى تاڭدا كۈنىنىڭ ھۆسنىدىن،
گۈل كۆرۈپ قان ئۇقچۇدىكىن داغدا بۇلبۇل كۆكسىدىن.

تۈن نىقابى يىرتىلار سۇبھىدە ئالتۇن نەيزىدە،
تۈندە پىنھان چېھرى كۈنىنىڭ تاڭدا زاھىر ئەسلىدىن.

ئاشىقى بۇلبۇل ئىدىم سەۋسەن گۈلۈمنىڭ ئىشقىدا،
ئاھ، نىتەي كىملەر مېنى قىلدى جۇدا گۈل پەسلىدىن.

تۈندە مەن، يارسىز كۆرۈك، كەلگەيمۇ دەۋرەپ نۇر - زىيا،
يار ئىدى تاڭدا قۇياش، بولدۇم جۇدا يار ۋەسلىدىن.

قالدى چۆلده نى سۆڭەكلەر يار كويىدا قاغجىراپ،
قان بىلەن پۈتكەن ئىشقىنىڭ رەنجى - دىشۋار دەستىدىن.

مەن كۆڭۈل قويغان ساڭا جامى ۋاپادىن مەي كۈتۈپ،
بولمىغايسەن مىڭ تىلەي ئەھلى ۋاپاسىز نەسلىدىن.

كەلگىنە، ھەلقۇمدا جان، چوغدەك لىۋىڭگە تاپشۇراي،
شۇندىلا تاپقاي ئەمىن كۆڭلۈم قازالار قەستىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئويغىنىپ ھەر تۈن چۆچۈمىدىن ئاھ! دېدىم يار ياندا يوق،
جانغا بەند قىلغانىدىم ياندا تۈگۈل تەن، جاندا يوق.

ئۇ چۆمۈلگەن، ئوينىغان قانۇ يېشىمغا سەكرىدىم،
ئىزدىسەم غەۋۋاس بولۇپ ياشىمدا ياكى قاندا يوق.

مەن نېچۈك زۆھرە، زۇھەل، چولپانغا يارنى تەڭ قىلاي،
يوق ئەزەل ئۇنداق گۈزەل، مەن ئىزدىگەن ئاسماندا يوق.

بىر ئۆمۈر بۇلبۇلنى داغدا سايرىتىپ قان ئەيلىگەن،
غۇنچە دۇنياسىنى كەزدىم، يار يەنە بوستاندا يوق.

كۆكتە ئۇچتۇم تۇرنىدەك، قايىنامدا چۆكتۇم، لەيلىدىم،
قالمىدى قارنى لەھەڭنىڭ شۇنچىلىك پىنھاندا يوق.

كۆرمىسە كۆز دىل كۆرەر دەپكى خىيالەن كەزدىما،
بەندىگە مۇمكىننى قىپ باقتىمكى ھېچ ئىمكاندا يوق:

ئۆزى يوق بولغان بىلەن داغى يۈرەكنىڭ لەززىتى،
مەن ئۆلەرمەن بولسا گەر باغرىمدىكى ھىجراندا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشقنىڭ رەنجى ـ دىشۋارى ماڭا لەززەت گويا بىلسەڭ،
ئىشقنى كىم بالا دەرلەر، ئۇ بىر مېھرگىياھ بىلسەڭ.

لەھل، ئالتۇن، جاۋاھىرلار پەۋەسكى ئىلكىدە يەرنىڭ،
يۈرەكنىڭ مەشئىلى سۆيگۈ، تېپىلماس تۇتىيا بىلسەڭ.

ئىشقسىز سەلتەنەت سۈرگەن كىبىرگە ئاشنا شاھنىڭ،
ساراي، ئوردالىرى خەستىن پۈتۈلگەن بورىيا بىلسەڭ.

گۆھەر تاۋۇتقا بەند سۇلتان چىرىپ ئاخىر توزان بولغاي،
پىراق دەشتىدە ئۆلگەن مەرد شېھىت ئۇ، مۇمىيا بىلسەڭ.

مېنى يىغلاتمىقى يارنىڭ ئىشق رىسالىسى ئەرمىش،
يېشىمنى تولدۇرۇپ جامغا ئۆزىدۇر ساقىيا بىلسەڭ.

سېھىرلەپ نازىدا ساقىي قەدەھتە ئىلتىپات ئەيلەپ،
مېنى كۆپ مەست ـ ئەلەس قىلدى ئۆزۈمنىڭ ياشىدا بىلسەڭ.

قانامدۇ ئېيتقىنا باغرىم بۇ ئىككى كۆز بىلەن باقسام،
كۆزۈم مىڭ، گەر تۇرۇپ قالسام نىگارنىڭ قاشىدا بىلسەڭ.

سامانمۇ، زەرمۇ يار ئېيتقىن ساڭا ھاجەت سېرىق رەڭمۇ؟
پىراقىڭ داغملى بىرلە چىرايىم كەھرىۋا بىلسەڭ.

بىراۋنىڭ ئىشقىدا تەركىجاھان بولغان غېرىب قۇلنىڭ،
گۇناھى مەغپىرەت ھەرئان، ئۇ شەكسىز ئەۋلىيا بىلسەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىتەي سەۋدايى بۇ ھىجران مېنى زەپ ناتاۋان قىلدى،
قۇيۇندا ئويىنىتىپ ھەريان تۇرارغا بىماكان قىلدى.

دىۋارى كۆلبە ـ خانامنىڭ پىغانىم لەرزىدە يەكسان،
كىرىپ باغرىمغا جان يىغلاپ ئۇ يەرنى خانۇمان قىلدى.

مېنى بەند، مۇپتىلا قىلغان پەرىلەر قوۋمىدىن جەزمەن،
قىلىپ پىنھاندا ناز، جىلۋە كۆزۈمنى شادىمان قىلدى.

كۆڭۈل خانامغا كىرمەستىن كۆزۈمنىڭ مەھرىمى دىلبەر،
كۆڭۈلگە كۆزنى دۈشمەن ئەيلىبان نا مېھرىبان قىلدى.

كۆزۈم قايدا، كۆڭۈل سەرسان، ھوشۇم نەلەردە سەرگەردان،
تونۇتماي ياتسىگارى بىر ـ بىرىنى دەر گۇمان قىلدى.

ۋىسال ئىزدەپ، كېزىپ يىللار، ئۆتۈپتۇ بۇ ئۆمۈر دەردتە،
مېنى قاي تەقدىرى قىسمەت زەبۇنلۇققا نىشان قىلدى.

قېچىشقا قەھرىدىن ھەقنىڭ مېنىڭدە بارمىدى ئىمكان،
قىلىپ مەيخانىدا رەسۋايى گۇمراھ بىئىمان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاچانكى بىر پىغان چەكتىم، كۆيۈپ يانغان ئۇنۇم ئەستە،
شۇئان ئېرىپ سىماب يەڭلىغ ئادا بولغان خۇدۇم ئەستە.

تۇغۇلدۇم قايدا، قاي يىلدا يۇرۇپ ئىشقىڭدا ئۇنتۇلدى،
مېنى قايتا ياراتقان شۇ سېنى كۆرگەن كۈنۈم ئەستە.

ئەجەل تىرناقلىرى پاتقان رىيازەت داغلىرى ئۆچتى،
قوقاستا تولغىنىپ ياتقان تالاي بىدار تۈنۈم ئەستە.

ۋۇجۇد جامىمغا دەز كەتتى، نەۋايىم جان شارابىدىن،
غېمىم يار ياشىدا، يوقتۇر ئاقار قانۇخۇنۇم ئەستە.

جۇدالىق ئىلكىدە مەھكۇم ئەمەسمەن، بەختىيار ھەرئان،
سەۋەب ــ كۆن ـ تۈن ساڭا ئۇچقان خىيالەن دۇلدۇلۇم ئەستە.

سېنى ئۇنتۇشقا مۇمكىنمۇ ھاياتىم رىشتىسى سۆيگۈك،
قېنى ئېيت بارمىكىن ئەي يار پىغانلىق بۇلبۇلۇم ئەستە.

باراي كىملەرگە داد ئەيلەپ ۋىسالسىز ئۆتتى دەپ ئۆمرۈم،
ئەزەل پەرھادى مەجنۇندىن مىراس قالغان ئۇدۇم ئەستە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەزدىما دەشتلەرنى يالغۇز، يار ماڭا ھەمراھ ئەمەس،
سۆيگۈچۈن باستىم قەدەم بۇ ئۆزگە بىر سەۋدا ئەمەس.

ئارزۇيۇ بەختىمگە تەسۋىر تۇرنىنىڭ جۇپ ئۇچقىنى،
كۆڭلى پەرۋازدىن ئېگىزدە چۈنكى ئۇ تەنھا ئەمەس.

مەنزىلى ئىشقىم يولىدا چۆل گۈلىستاندۇر ماڭا،
يار خىيالى بولدى سايەم ھېچكىمى ئەسرا ئەمەس.

مەن نىگارسىز ئۇشبۇدەم كۈندىن زىياسىز يەر-جاھان،
ئايغا تەلمۈرسەم يىراق ئاي قىلغۇدەك پەرۋا ئەمەس.

يارغا تەققاس ئىزدىبان كۆكلەرگە باقتىم زارىقىپ،
بالقىدى تاڭ چولپىنى كۈلدى، كۆزى شەھلا ئەمەس.

ئۇچرىدى ئاسمان پەرىسى قىلدى يۈزمىڭ جىلۋىلەر،
نازلىرى كەتتى شامالغا، مەن ئاڭا شەيدا ئەمەس.

چىن ئىشق ھىجراندىدۇر، ۋەسلى ئۇنىڭ بەربادىغۇ،
يار ئوتۇم ياكى چۈشۈمدە بىر دىدار پەيدا ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۆلگە كەتتىم باش ئېلىپ پەسلى باھاردا سەيلى دەپ،
تونۇدىكى مەجنۇنغا كۆندەك ئۇچرىغاي ئۇ لەيلى دەپ.

بىر مۇيەسسەر بولسىما كۆرمەككە ئول يار چېھرىنى،
نى بالاۋۇ ئوقۇبەت كەلسە بېشىمغا مەيلى دەپ.

يارۇدوست، ئۇستازۇپىرلار قىلدى تەنە، پەندىلەر،
ئەقىل ـ ھوش، سەۋرەگىنى يەكسان قىلدى كۆڭلۈك پەيلى، دەپ.

ئەھدى پۇتتۇم يىغلىبان قانلىق يېشىمدا دىلغا مەن،
ھەق ئاسان قىلغاي، جۇدالىق دەردىنى كۆرمەيلى،دەپ.

ئۆلتىجا قىلدىم خىيالەن يارغا ھەرئان تىزلىنىپ،
«ئەل سازايى قىلسا تاپتۇق بىز سائادەت دەيلى» دەپ.

«نالىسا كاككۇك مېنى تۇتقاي يىغا باغرىم قاناپ،
ھېچقاچان بەختى قارا، تەنھا، غېرىب يۈرمەيلى» دەپ.

«چۈشسىمۇ ئاسمان غۇلاپ، ئاي، كۈن ئۈزۈلسە بەرگىدىن،
بىز لېكىن دىل رىشتىمىزنى بىر ئۆمۈر ئۈزمەيلى» دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇتۇنسىز ئۆرتىگەن تەننى نىگارنىڭ ئوت-پىراقىدۇر،
قۇياش ئۆچكەي، لېكىن ئۆچمەس ئەبەد ئىشقى چىراقىدۇر.

نۇرى قەلبىمدە بالقىيدۇ بىراق ئۇ مەشئىلىم قايدا؟
مېنى دېۋانەۋار قىلغان ئاشۇ مەنزىل يىراقىدۇر.

ئۆزۈمدىن ئۆزگە ئىنسان يوق، جاھاندا بار پەقەت ئول يار،
تېنىمگە جان بولۇپ كىرگەن ئەمەس جان، ئىشتىياقىدۇر.

قېشى مېھرابىنىڭ يادى قېشىدەك ئەگدى قەددىمنى،
قېشىنىڭ گەر ئۆزى يارەب! جېنىمنىڭ ئوق ساداقىدۇر.

كۆزنى دەيمۇ، سۆزنى دەيمۇ، تولۇن ئاي لال يۈزنى دەيمۇ؟
جاھان ھۆسنىگە سۇلتانلىق كۆرۈك باشتىن-ئاياغىدۇر.

نېمە ئۇ سەندەلۇ بازغان ۋە جاللات قولىدا خەنجەر،
يۈرەكنى لەختە قان قىلغان قارا كۆزنىڭ قاراقىدۇر.

يارالمىش تەقدىرى دەردكەن بۇ سەۋدا قىسمىتى سۆيگۈ،
بەدەلگە بەند پۈتۈن ئۆمرۈم، ماڭا ھەقنىڭ ياساقىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىم قان بولدى، باغرىم لەختىدۇر،
ھۆسنىچۈن دەرد چەكمىشىم يار بەختىدۇر.

بولدۇما تەكتى سىرانىڭ مەھكۇمى،
كۆكتىكى ئاھىم نىگارنىڭ تەختىدۇر.

نى ئەجەب، ئاشىقلىقىمنى بىلسىڭىز،
ئۇلكى شاھ، قۇلمەن، دېمەك شۇل پەرقىدۇر.

ۋەج يارنى شاھ، مېنى قۇل ئەيلىگەن،
بىر ئۆمۈر ئۆچمەس ئۇنىڭ ئوت شەۋقىدۇر.

ۋاھ، قۇچاقلايمەن قۇياشنى تۇندىمۇ،
يار خيالى ئون قۇياشنىڭ بەرقىدۇر.

يەر ـ جاھان كەتكەنمۇ چاڭقاپ بىلمىدىم،
ئاقۋەت كۆز ياشلىرىمنىڭ غەرقىدۇر.

مەنمۇ بەندەڭغۇ ئىگەم قىلغىن نېسىپ،
يارنى بىر سۆيمەك ھاياتىم نەرخىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سېھرىنىڭ قەستىمۇ يارنىڭ بىلمىدىم مەن مەن ئەمەس،
قان قىساسى بار رەقىبمۇ جانغا بۇنچە قەستلىمەس.

خانۇمانىم قايدىكىن، بولدۇم ساياق تەركىجاھان،
ئىزدىبان يار ۋەسلىنى كۆڭلۈم قۇشى ھېچ پەسلىمەس.

بارمۇ - يوق دەيمەن ئۆزۈمنى، قايسى ئالەم بەندىسى،
چۈنكى يارنىڭ يادى كىمدە، مېنى ھەرگىز ئەسلىمەس.

يارنى بىر سۆيسەم قېنىپ بولغايكى مەشئەل بەستىما،
شۇ سۆيۈشنىڭ نەرخىگە ئۆمرۈم پايانى ئەرزىمەس.

دەۋرىدىم ئاقتىمكى يار ۋەسلى تامان نۇر مەۋجىدە،
كۆك قۇچۇپ كەلگەن توپانمۇ بەلكى ئۇنداق دەۋرىمەس.

ئۆي ـ ماكان، مەھەللە ـ كوي يەكسان پىغانىم لەرزىدىن،
يەرنى كۆن سوققاندىمۇ بۇنداق ئىگىز-پەس تەۋرىمەس.

تۆكتى كۆز ئاقۇ قاراسىن بەرگىلى جانغا ئارام،
كور بولۇپ يار چېھرىنى كۆرمەكنى قىلماق بولدى بەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈزەللەر شاھىدەكسىزغۇ، نازاكەت كىبرىڭىز قالتىس،
تۈمەن كۆزلەرنى قان قىلغان جۇلالىق جىلۋىڭىز قالتىس.

خىجالەت ئىلكىدە غۇنچە قىزاردى چوغلىنىپ سىزدىن،
بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتكەي تولۇن ئاي، چېھرىڭىز قالتىس.

ئەگەردە كۈلسىڭىز باغدا ناۋادىن توختىغاي بۇلبۇل،
سامادىن ساقىغاي يۇلتۇز، كامالەت سېھرىڭىز قالتىس.

كېزىپ ۋەسلىم چۆلىدە دەرد ـ رىيازەت چەكمىسۇن دەپ يار،
يىراق مەنزىلدە دەردىمنى نەزەرگە ئىلدىڭىز قالتىس.

كۆزۈمگە بىر چېقىن تاشلاپ قوۋۇقنى ئاچتىڭىز داغدام،
گويا سۇلتانچە ھەيۋەتتە كۆڭۈلگە كىردىڭىز قالتىس.

قېنى باشقا خىيال، ئارزۇ، تامامى ئىختىيار كەتتى،
يۈرەكنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تەمەننا قىلدىڭىز قالتىس.

ھامان كۆيگەندىكىن ئوتنىڭ ئىچىدە ئۆرتىنىپ كۆيسۇن
دىبان باغرىمنى كۆيدۈرمەك يولىنى بىلدىڭىز قالتىس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

يار يۈزىگە تىك باقالماسمەنكى ئىبارىم بىلەن،
ئاسرىدىم ئەغيار كۆزىدىن سەددى دىۋارىم بىلەن.

كۆندۈزى كۆندىن توسۇپ رەشك ئەيلىدىم دىدارىنى،
قىزغىنارمەن ئۈنى ئايدىن تۈندە بىدارىم بىلەن.

مەن نىتەي، بىر يۈزىگە مىڭ كۆز تۇرسا ھەرئان تەلمۈرۈپ،
بىر ماڭا مەنسۇپ دىيدىم نالەشتە ئىزھارىم بىلەن.

باسمىسۇن ياتلار ئاياغى ئول نىگار دەرگاھىغا،
ياسىدىم چىتلاق - قاشانى يىڭنە مىژگانىم بىلەن.

قىلمىسۇن ھېچكىم ھەۋەس دەپ بۇ يېگانە قەسرىنى،
بېزىدىمكى چۆل سىياقتا داغى ھىجرانىم بىلەن.

كىرمىسۇن نۇر ھەم شامال دەپ پەردىلەرگە چۈمكىدىم،
توقۇدۇم ھەر تال يىپىنى رىشتەئى تارىم بىلەن.

مەن تىلەي، يارەب ئاسان قىل، بولسىمۇ دەشت مەيلىدى،
خاس ماكان بەرگىن ياشاي شاد ئاشۇ دىلدارىم بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىزىلگۈل ھۆسنىگە بۇلبۇل قاراڭ ئۇ بىگۇمان شەيدا،
گۈلگە تەر بىلەن شەبنەم تۆكۈپ ھەم باغبان شەيدا.

كۆرۈڭ، گۈلزاردا جەننەتنى، ئەجىر ـ مېھنەتتە زاھىر ئۇ،
ئەنە، تەسكەيدە مۇڭ چۇلغاپ ئۇچا قىش ـ قەھرىتان شەيدا.

چوقۇم سىز ۋەھىمدە شامغا ئۆزىنى ئۇرسا پەرۋانە،
كۆيۈپ ئۆلمەك مۇرادىكەن، ئۇ شۇنداق قەھرىمان شەيدا.

بىھوش ياتسام پۈتۈن ئاشىق بېشىمغا يىغلىشىپ كەلدى،
تېپىلماس شۇندا ھالىمغا ئىشقتىن بىگۇمان شەيدا.

ئىقسپ زۆھرە دىبان تاھىر ياغاچ ساندۇقتا لەيلەرمىش،
لېكىن مەن كىت، لەھەڭلەردىن نىگارچۇن يانمىغان شەيدا.

قارا قاينام يۇتۇپ، يالماپ پىراق دەرياسىدا ئۈزدۈم،
بىراق چاڭقاشتىمەن، لەۋدىن ئىچىپ مەي قانمىغان شەيدا.

مۇرادسىز ئۆلدىغۇ مەجنۇن بىلەن پەرھاد باياۋاندا،
ئۆلەلمەي يۈردۈما لېك مەن، پۇشايمان قىلمىغان شەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىدا ئىمجان بىھوشمەنۇ لېكىن بىدار يەنە،
ۋەسلىچۈن يەلكەمدە تاغۇ ھىجرىدە بىمار يەنە.

ئەلچى بولدى دەممۇ دەم ئاي، كۈن بىلەن يۇلتۇز بېرىپ،
قالدى ھەيرەتتە جاھان، يار ناپىسەنت زىنھار يەنە.

ئىت يېتىپ باغلاقتا دەرمىش باغلىغاننى پاسبان،
رىشتەئى زەنجىرلىرىدىن مەنكى مىننەتدار يەنە.

كۆرگىنىم بولدى گۇناھىم، كۆيگىنىم بەرھەق جازا،
سەجدە قىلسام قاشىغا بولدۇم جىنايەتكار يەنە.

نازلىسا ھەرنە گۈزەللەر بولدى ئەما كۆزلىرىم،
ئەھدىدە بولماي دىبان يارغا خىيانەتكار يەنە.

تۇرسىمۇ باغرىمدا ئۇ خۇددى يۈرەكتەك چوغلىنىپ،
باقتىما مىڭ كۆز بىلەن كۆرسەتمىدى دىدار يەنە.

بىر كۆرەرمەن دەپ ھامان كەلدىم ئۈمىدنىڭ قوينىدا،
چۈنكى مەھشەرگاھ كۈنى كۆڭلۈم بولۇر ئىزھار يەنە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىلدىڭا باغرىمنى باغ، يەكتا قىزىلگۈل بولغىلى،
يوقمىدى ھەم باشقا جان ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولغىلى.

ئالسۇنا ئەنداز ئۆزۈڭدىن ئەرشىنىڭ ھۆر قىزلىرى،
سەن كەبى قېشى قارا، چېچىمۇ سۇمبۇل بولغىلى.

بىلمىدىم كۈن - تۈننى مەن، يۈرگەچكە بىدار ئۇخلىماي،
سەن بىلەمسەن قانچە يىل بولدى ساڭا قۇل بولغىلى؟

ئايغا كۆز ئۈزمەي بېقىپ مەن تاڭشۇرۇلدۇم ھەر كېچە،
كەل دېسەڭ تەييار پېقىر ئۇچماققا دۇلدۇل بولغىلى.

ۋە لېكىن جىلۋەگىدە سوققان چاقمىقىڭنىڭ زەربىدىن،
بولدى نى چاغ ئۈستىخانىم لەختە چۆل - چۆل بولغىلى.

دوستلىرىم كەتتى قايان، ئىتلارمۇ قوغلايدۇ مېنى،
ھەم ئۇزاق بولدى يەنە ئۆتمەسكە بىر پۇل بولغىلى.

ئىزدىگىن، ئالەمنى كەز، مەندەك رىزا بولغاي كىمىڭ،
بىر تەبەسسۇمغا پىدائىي بىر ئۆمۈر گول بولغىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆك قارايسا چۈشتى نى غەم دەپتمەن،
يۈلتۈزى بولمامدۇ مەھرەم دەپتمەن.

قاپقارا لىباستا تۇرسا مۈگلىنىپ،
نە سەۋەب تۇتقاندۇ ماتەم دەپتمەن.

ھالسىراپ باسسا زېمىننى سالمىقى،
قېنى ئۇ يۈكسەكلىكى ھەم دەپتمەن.

تۈنبويى چاقماق سوقۇپ گۈلدۈرلىسە،
كىم ئۇنىڭا بەرگەندۇ بەرھەم دەپتمەن.

تارتىشىش رىشتى پەقەت ئىنسانغا خاس،
كائىناتتا ئۇندىقى كەم دەپتىمەن.

بىلدىما، كەتكەچكە كۆن كۆك يىغلىسا،
تاڭدا ياپراقلاردا شەبنەم دەپتىمەن.

تارتىدۇ ھىجران ئازابى رەنجىنى،
مەن كەبى ئازراقلا ئادەم دەپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوت ئېلىپ يار تەپتىدىن يالقۇندا زاھىر بولدۇما،
ياشلىرىم تۇغيانىدا ئاقتىمكى تاھىر بولدۇما.

كۆرمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك داغى ھىجران قىسمىتىن،
سۇ بىلەن يالقۇن ئارا ياشناشتا ساھىر بولدۇما.

قايدا ئوت شۇل جايدىمەن، بىلگەچكە ئوتنىڭ دەردىنى،
يىغلىبان سۇ چاچقىلى مەيداندا ھازىر بولدۇما.

كەلسە سۇ كىم يىغلىدى دەيمەن يۈرەكىم ئۆرتىبان،
دەردىنىڭ دەرمانى مۇڭلارغا مۇشائىر بولدۇما.

چاقنىشىپ ئىككى يۇرەك چوغدىن تۇتاشسا رىشتىسى،
بولسا كىم كەسمەك ئۇنى جەڭدە باھادىر بولدۇما.

سۆيگۈ دىشۋارى ئەزەل ئاشىق دىلىغا ئىمتىھان،
ھەر سىناقنى مات قىلىپ ئىخلاستا نادىر بولدۇما.

ئۇيقۇسىز تۈنلەر بىتىگە كىرپىكىمدىن قان تامار،
نالىبان بۇلبۇل كەبى تاڭلاردا شائىر بولدۇما.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەردۇ دىشۋارىم ئۇۋالى سەرۋى قامەتتە چوقۇم،
زۇلپى ئارقان، قامىتى دار، ھۆسنى ئاپەتتە چوقۇم.

داننى دام ئەيلەپ قەپەسگە قۇشنى بەند قىلغان كەبى،
بىر بېقىپ مەست ئەيلىگەن يالغان سائادەتتە چوقۇم.

يايرىغان ئاھۇ قىيادا ئوق تېگىشنى بىلمىگەي،
ئەجلى سەيياد كۆزى قانلىق شۇ سائەتتە چوقۇم.

ئۆرگىلەي شەيدالىقىمدىن قىلدى رەسۋايى ئەزىم،
كۆرگىنىم شەيتاننى راست ئىنسان قىياپەتتە چوقۇم.

بۇاپالار قوۋمىنىڭ ئىقبال - رىسالى شۇلمىكىن،
مېنى ۋەيران قىلغىنىچۇن بەختى ئامەتتە چوقۇم.

خانۇمان، نامۇنشانلار قايدا، چۆلدە يىغلىسام،
ئۇ كۇلۇپ ئەغيار بىلەن ئىشرەتتە - راھەتتە چوقۇم.

قەلبىگە شاھىت قىلىپ ئۆچمەس قارا رەڭ سۈرتىگەي،
ھەق كۆزى كۆرگەچ ئۇنى ھەر بىر خىيانەتتە چوقۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جانۇتەن كۆيدى كۈنۈتۈن ئۇل نىگارنىڭ ئىشقىدا،
بويىلىرىم كۆيمەستە ئۇت كۆيدى يۈرەكتە ئىپتىدا.

چۆلدە چاڭقاپ ئېگىرىغان نىمجان سىگارى تەلمۈرۈپ،
يالقۇنۇمغا سۇ تىلەپ قىلدىم پەلەككە ئىلتىجا.

قايدا يامغۇر، ئۇتقا ئۇت ياقتى پەلەك چاقماق بىلەن،
تىترىتىپ تاغۇ زېمىننى قىلسىما ئاھۇ-نىدا.

يارغا يەتمەس ئاھلىرىم يەتتى ساماغا ئوق بولۇپ،
يەتتىنكى، كۆكتىن ماڭا كەلدى ۋەھدەك بىر سادا.

دېدى سۆيگۈ تەڭرىسى: ئېيتاي ساڭا ئەي بەختيار،
يار ئۈچۈن قىلغىن چوقۇم بىر جاننى ھەر كۈن مىڭ پىدا.

يارغا جان قىلماق پىدا ئاشىق سائادەت، ئامىتى،
جان ئەمەس قىيماي نىگارغا يىغلىدىم، دەپ ئەلۋىدا!

جاننى ئالسا بىر ئۆلەرمەن، قالسا دۇنيا مەيلىغۇ،
مىڭ ئۆلەرمەن جاننى ئالماي قىلسا جانانىدىن جۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىدى ھۆسنۈڭ قۇياش تۈندە، قارا زۇلمەتتىمەن سەنسىز،
تىغى ھىجران تىلىپ باغرىم جاپا ـ كۇلپەتتىمەن سەنسىز.

ئۆمۈر يەتمەس سەرپ ئەتسەڭ ساناپ كۆرمەككە ئىنسانىنى،
لېكىن ئالەمدە يالغۇزمەن شۇڭا ھەيرەتتىمەن سەنسىز.

نە ھەيرەت، داغى ھىجراندا قۇيۇن دەشتىدە سەرگەردان،
بولۇپ تەركىجاھان مەجنۇن، بالا دەھشەتتىمەن سەنسىز.

ئەگەر بىر ئۇنلىسە يولۋاس كىلەرمىش لەرزىگە تاغلار،
تاغۇ ئاسماننى تىترەتتىم، قەھر شىددەتتىمەن سەنسىز.

زىمىستان كەينىدىن كەلگەن باھاردەك ياخشى سائەتتە،
ھامان بىر كۈن سۆيەرمەن دەپ چىدام، غەيرەتتىمەن سەنسىز.

ھاياتمەن شۇنچە يالقۇندا، ئىشەنمەي ئەھلى يۇرت ھەيران،
دېڭىز-ئوكيانىنى قايناتقان پىراق - پۇرقەتتىمەن سەنسىز.

تىلىم نامىڭ بىلەن باغلىق، دىلىم بىر سەن ئۈچۈن داغلىق،
ۋاپا دۇنياسىدا يەكتا بولۇپ شۆھرەتتىمەن سەنسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شاھسەن ھۆسنى جاھاننىڭ كۈن رەشكتە سەن بىلەن،
چاچلىرىڭ تۈن بولدى، يەڭدىڭ زەربەئى بەرھەم بىلەن.

چىقتىكى تەنناز، تەمەننا ئەيلىبان ئاي جىلۋىدە،
سېنى كۆردى، ئاھ! دېدىكى داغدا قالدى غەم بىلەن.

سويلىشىپ كەلگەي يىلانلار سۇمبۇلۇڭ ئەندازىدا،
ئۇڭا كىم زوق ئەيلىگەيكى چاپقۇسى كەتمەن بىلەن.

ئالدى مەندىن دەر ئىمىش تۈن قاشلىرىڭنىڭ رەڭگىنى،
قارا يۈزگە بولدى تۈن رەڭگى لەقەم شۇ رەڭ بىلەن.

سەرۋىلەر قەددىڭگە تەقلىد ئەيلىدى بوي كۆركىنى،
لەت بولۇپ ياپراقى، بەرگى يىغلىدى شەبنەم بىلەن.

چاقىندى چولپان ئۇپۇقتا كۆزلىرىڭگە بەس قىلىپ،
ئويغىنىپ كۆز ئاچقىنىڭدا ئۆچتى ئۇ دەشنەم بىلەن.

ئىشقى ھىجران داغى ئۆچكەي يۈرىكىمدىن ئەي نىگار،
كۆز يېشىم بىرلە ئىزىڭدىن ياسىغان مەلھەم بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

غېرىبتۇر ھالىما يارسىز، يېنىمدا ئولتۇراي ساقىي،
رەھىم ئەيلە، غېمىم لەشكەرلىرىدىن قۇتۇلاي ساقىي.

خاراموش ئەيلىدى ھەيھات، بوغۇپ نەپسىمنى بۇ ھىجران،
ۋۇجۇدۇڭ بەھرىدىن ئەنبەر ھىدىنى بىر پۇراي ساقىي.

قەدەھلىك بەرقىدىن يالقۇن چېچىپ يانغاندا بىر چوغلۇق،
يۈرەك يالقۇنلىنىپ ـ پارلاپ، يېلىنجاپ چوغلىناي ساقىي.

تېمىتقىن مەينى باغرىمغا كۆيۈپ «پىژ» قىلسا ئارمان شۇ،
ھاياتنى تەن ئېلىپ بىردەم كۆلۈپ بىر ئويغىناي ساقىي.

غەلەت ئېيتتىم، كۆلەلمەيمەن، مېنى شاد قىلغىنا مەيدە،
كۆرۈپ جامىڭدا يار ئەكسىن بىھوش بوپ تولغىناي ساقىي.

كۆپۈكلەپ جۇش ئۇرۇپ شائىر قېنىدەك تۇرغىنى بارمۇ،
قۇيە، شۇنداق مەيىڭ بولسا ئىچىپ بىر يۇلقىناي ساقىي.

بولۇپ سەرخۇش، كۆرۈپ يارنى مانا پەرۋازدىمەن، ۋاي ئىست!
ئۆتۈپتۇ كۈنلىرىم سېنى بۇرۇنراق تونۇماي ساقىي.

مانا ئالدىمدا ئايدىڭكۆل، ئۈزەر ئۇ ئايجامال لەرزان،
داۋالغۇتما قەدەھىڭنى نىگارنى قوغلىماي ساقىي.

مېنى شاد ئەيلىگەن قىلمىشلىرىڭدىن دوزىخى بولساڭ،
خۇداغا ئىلتىماس ئەيلەپ بېھىشتىن قوغلىناي ساقىي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

هۆزۈرى ئىلتىپاتىڭغا سائادەتتە كېلەي ساقىي،
مېنى چاڭقاتتى يار داغى، قويە لىقلاپ، تىلەي ساقىي.

سۆزۈكتۇر مەيلىرىڭ ھىجران يېشىمدەك بىغۇبار خۇددى،
نىگارنى ئايىنە جامىڭ ئىچىدە بىر كۆرەي ساقىي.

گۈزەلىم خۇددى تاۋۇستەك يۈرۈپ باغلاردا ئايلانسۇن،
خىيالەن كەينىدە بىھوش بولۇپ بىردەم يۈرەي ساقىي.

ئاشۇ چاغ يار بىلەن يۈرگەن قەدەملەر مەنزىلى جەننەت،
غېرىچ بەركاتىنى ئۆمرۈم پايانى دەپ بىلەي ساقىي.

بولۇر مەيسز كۆزۈم ئەما، دىلىم ئەما، جاھان غايىب،
نىگارىم جىلۋىسى مەيدە تۇرۇپ ئىچمەي نىتەي ساقىي.

نىگاردىن ئۆزگە مەھرەم يوق، شارابتىن ئۆزگە مەلھەم يوق،
كۆيۈك تەسكىن تېپىپ مەيدە، دىلىمنى شاد ئېتەي ساقىي.

بېشىمغا پەسلىگەندەك ئاي بولۇر ئىچكەندە يار پەيدا،
ئاشۇ خىزمەتلىرىڭ ھەققى ئۈچۈن داستان پۈتەي ساقىي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەھلى ئاشققا ۋىسال تاپقانچە قۇت، شان بولمغاي،
سۆيگۈدە ۋەسلى مۇراد مۇشكۈلكى ئاسان بولمغان.

بۇلبۇلى، كاككۇك پەقەت پەسلى باھاردا ئۈنلسە،
يار دىبان قش، يازۇ مەندەك نالە قىلغان بولمغان.

چۈشسە ئۇچقۇن تاغ ـ دالاغا ئۇندا يانغىن يامرىغاي،
بارمكىن يالقۇن ئارا ۋەيرانۇ يەكسان بولمغان.

«ئىشق ئوتىننىڭ ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق»،
ھېچكمى مەندەك كۆيۈپ يايراپ خىرامان بولمغان.

تەركىجاھان بولغان جۇنۇن پەرياد بىلەن كەزگەن دالا،
ئەبەدى قاقشالكى ئۇ، كۆكلەپ گۈلىستان بولمىغان.

لالە ئەيلەپ چېھرىنى بولسا يېنىمدا — دەشتتە يار،
دەيكى، بۇنداق ھېچقاچان ئالەمدە بوستان بولمىغان.

كىم ئىشەنگەي ياشىغان كۆرمەي قۇياشنى بار دېسە،
بارمىكىن ئالەمدە ئول يارىمغا ھەيران بولمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر كۆرۈپ قەددىڭنى باغدا داغدا ھەيران غۇنچىلار،
ھەيرىتىنىڭ لەرزىدىن بىل باغرى قان ـ قان غۇنچىلار.

سەن تەمەننادا ھامان، ھەيرانۇھەستۇر ئەقلىما،
بولدى ئالدىڭدا پاياندار ھۆسنى سۇلتان غۇنچىلار.

كۆيسە ھەسرەت ۋە ھەسەتتە تەقدىرى كۇلدۇر ھامان،
قاچتى جىلۋەڭ يالقۇنىدىن بولدى پىنھان غۇنچىلار.

ۋەھمىدە قالدىم ساڭا ئاشقلىقىمدىن نائۇمىد،
ئول زىيارەتتە مېنى قىلدى پەرىشان غۇنچىلار.

چاغلماي تەلۋە كۆڭۈل غاپىل كېتىپتۇ پەيلىدە،
تاڭلا كەلمىشتىن دىلىمغا سالدى ھىجران غۇنچىلار.

لەۋلىرىڭنىڭ غۇنچىسى ئەيلەپ مېنى مەجنۇنىۋار،
زارىقىپ يۈرسەم كويۇڭدا قىلدى مېھمان غۇنچىلار.

جەبرىلەر ئالدىمىدىدۇر، ئۆرتەنمىكىم زاھىر ماڭا،
بۇ كۆرەكتە بولدىكى بەرقىڭدە يەكسان غۇنچىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گەر مېنى كۆرسە كىمكى قالدىما ھەيران، دېگەي،
قايسى ئالەمدىن كېلىپ قالغانكى بۇ مېھمان، دېگەي.

جېنى باركەنكى لېكىن ھېچبىر بىساتى ساق ئەمەس،
كىم بۇنى بۇنداق كۆرۈپ پۇشتى چوقۇم ئىنسان، دېگەي.

شىرقىراپ ئاقسا بېغىردىن ساپسېرىق زەرداب تېشىپ،
نېمە بۇ ؟ ئاقمامدىكىن ئادەم دېگەندىن قان، دېگەي.

پارە باغرىم، كۆزلىرىم قان، ئىس تۈتەپ تۇرسا تېنىم،
قايسى مەخلۇقتۇركى غاردا ياشىغان پىنھان، دېگەي.

گەر مېنى ئاشىق دېسە كۆلگەي خالايىق تاش ئېتىپ،
ھەممىدىن ئەۋزەلكى جان، ئەخمەق ئىشى جانان، دېگەي.

ئادىمى بولسا ئارادا تۇتىيا ئالەم ئۈچۈن،
مېنى ئۇ بىر باغرى تاشنىڭ ئىشقىدا ۋەيران، دېگەي.

ئۇمۇ بىر چاغلاردا ئاشىق بولسا، بۇ ۋەيران ئەمەس،
ئەڭ گۈزەل ئالەمگە يار قىپتۇ ئىشق، ھىجران، دېگەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نە قىسمەتكى نىگارىمنى ماڭا نامېھرىبان قىلدى،
كۆرۈك، ئۇل ئىلتىپات مېنى غېرىب، بىخانۇمان قىلدى.

خىيالەن قەددىگە قەلبىم پايانىنى ۋەتەن ئەتسەم،
ماكانسىز قىلغىنى ئازدەك يەنە تەركىجاھان قىلدى.

ياساپ ھۆسنى جۇلاسىدىن بېشىمنىڭ ئۈستىگە زەر تەخت،
مېنى ھەر ھۆكمىگە رام قىل، ئۆزىنى ساھىبقىران قىلدى.

كۆتۈردۇم جامۇجام مەينى بىھوش ئۇنتاي جامالىن دەپ،
بىراق ھەر لەھزىدە يادى ھامان باغرىمنى قان قىلدى.

يېرىپ كۆكسۈمنى ئاھىمدا يۈرەكنى يوقلىدىم نەچچە،
لېكىن قان بەھرى ئەيلەپ غەرق ئۇنى مەندىن نىھان قىلدى.

ئۆزى لەيلى بولۇپ گۇللەر ئارا كەزگەنۇ كۆكلەمنى،
ۋىسالسىز داغى ھىجراندا ماڭا جۇت قەھرىتان قىلدى.

ئىشق دىشۋارى بۇ جاننى ئېلىپ قانچە، قويۇپ ياندا،
سىناپ ئەھدۇ قارارىمنى كۆرەكتە ئىمتىھان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاي نىگارىم ئاي يۈزىن كۆرمەككە بەك زار ئەيلىدى،
ۋەسلى دىدارسىز قويۇپ تەنھا، غېرىب ـ خار ئەيلىدى.

نالىسام چۆللەردە يالغۇز يىغلىبان يار ئىشقىدا،
كۆيدۈرۈپ ئاھىم چىمەن ـ باغلارنى مۇڭـزار ئەيلىدى.

ئۇنتۇماق مۇمكىنمۇ يارنى تۇرسا جاندا چوغلىنىپ،
ھەر خىيال قىلسامكى مىڭ ئۆرتەپ دىشۋار ئەيلىدى.

كۆزلىرىمدىن ئاققىنى رەڭ ئالدى قاندىن قىپقىزىل،
ياشلىرىم يۇلتۇزلىرى ئاسماننى گۈلزار ئەيلىدى.

ئاھ ئۇرۇپ كاككۇك يىراق باغلاردا ئۇنلەپ مۇڭ تۆكۇپ،
مەن جۇنۇن بىچارىنىڭ دەردىنى ئىزھار ئەيلدى.

ئىت قاۋاپ، ساھىلنى قوغلاپ كۆڭلىنى شاد ئەتكۇدەك،
يادى يارنىڭ قىينىبان تۇنلەردە بىدار ئەيلدى.

كۆڭلىنىڭ رەڭگى چوقۇم چېھرىگە تەپكەي ئىس بولۇپ،
مېنى مەجنۇن قىلدى — يۇ، ئۆزىنى بىزار ئەيلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەتسە كارۋان ئوت ئۆچۈپ چۈشكۈندە چوغلار قالدىغۇ،
پەسلى جۇت گۈلزارىسىز مۇڭلاردا باغلار قالدىغۇ.

ئوق يېگەن ئاھۇ كۆزىدىن ياش كېلەر، سەييادى شاد،
ئاق بۇلۇتتىن ئاق تاقاپ ماتەمدە تاغلار قالدىغۇ.

يار دىبان بىلمەي قازاسىن چۆلگە ئاتلانغان جۇنۇن،
پۈتسە ئۆمرى كۆز ئوچۇق ئاقۇ قاراقلار قالدىغۇ.

چوغلىنىپ ئىشق تەپتىدە ئاتەش بولۇپ يانغان ۋۇجۇد،
تۆئمە بولدى، يەپ تويۇپ قۇزغۇنۇزاغلار قالدىغۇ.

كېچىدە كۆن پارلىغان يار چىقسا دىلبەر جىلۋىدە،
دەردلىرىدىن ئايلىناي، ئىشرەتتە چاغلار قالدىغۇ.

يىغلىسام كۆيدى يېشىم يورۇپ خانامنىڭ تۈنلىرى،
كەتتىما، هەر قەترىدە يانغان چىراغلار قالدىغۇ.

قۇشى يوق غېرىب ئۇۋا، قەلبىم قاراڭغۇ غار گويا،
يوق نىگار، ئۆچمەس ئەبەد باغرىمدا داغلار قالدىغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نەيلەيىن، يار ئىشقىدا ئاشىق مېنىڭدەك بولمىغاي،
ھەيكىلى بۇت، مۇزمۇ شەپقەتتە سىنىڭدەك بولمىغاي.

يېرىڭگا ئۆرتەپ يۈرەكنى دىل خانامدا بەھۇزۇر،
قاتىلى خۇنخورمۇ سەن نا مېھىنمدەك بولمىغاي.

قان ئېلىپ گۈل چەككىلى باغرىمغا نەشتەر ئۇردۇڭا،
جەڭ خاراباتىنى كۆر، ۋەيران تېنىمدەك بولمىغاي.

ئوتقا تاشلانغان كىشىنىڭ نالىسى كۆك قۇچقۇدەك،
قاقشىسا ھەرقانچىكى قاقشاش جېنىمدەك بولمىغاي.

قىلغۇدەك غېرىبنى نىمجان خارۇزارۇ كاج پەلەك،
ھەر نە قىلسا لېك ماڭا سەن قىلغىنىڭدەك بولمىغاي.

كەتسە ئۆت ئۆچكەي ھامان، ئەڭ دەھشىتى كەلگۈن ـ سەلەب،
دەۋرىشى كۆزۈمدىكى ياشۇ قېنىمدەك بولمىغاي.

بۋاپالار سۆيگۈ بوستانىغا ئۈنگەن شۇمبۇيا،
شۇمبۇيا ئادەمسىياق ئاشۇ خېنىمدەك بولمىغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈما يار ئىزدىبان كۆكلەردە پەرۋاز ئەيلدى،
دەشت ئارا تەڭرىم نىتەي سايەمنى ھەمراز ئەيلدى.

مۇڭلىرىمغا مۇڭدىشىم زىنھار تېپىلماس ئىزدىسەم،
ھەر قەدەمدە مىڭ چايان، يارەننى بەك ئاز ئەيلدى.

خەيرىيەت، بولدۇم تەئەللۇق بىر گۈزەلگە ئاقىۋەت،
لەرزىدە چاقماق بولۇپ باغرىمدا تەنناز ئەيلدى.

بۇ ئىشقىنىڭ تەپتىگە قاقلاپ دوزاخنى كۆيدۈرەي،
قەھرىتاننى ئۆرتىبان بەھرى بىلەن ياز ئەيلدى.

ئايغا باقسام ئاي جامالى يارغا سەل - پەل ئوخشغاي،
يار كۆزىنى ئۆزىگە چولپانمۇ ئەنداز ئەيلدى.

تەڭرىنىڭ بەركاتىدا پۈتكەن مۆجىزە دەپ ئۇنى،
ئىپتىخارىدا جاھان كۆركىگە پەرداز ئەيلدى.

كەلسە يار ئالەم قوچۇپ ھەيرەتتە ئىرىپ ئول قۇياش،
نۇرلىرىنى ئالدىغا ئالتۇن پاياندار ئەيلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەگرىما ئاي، كۆننى ھەركىمگە ئايان قىلدىڭ ئەجەب،
بىلمىدىم، يار چېھرىنى مەندىن نىھان قىلدىڭ ئەجەب.

ئەيلىدىڭ مېھمان ئۇنى قەلبىمدە كۆن ـ تۈن تىنجىماس،
لېك مېنى ھىجرانىدا تەركىجاھان قىلدىڭ ئەجەب.

كۆندۈزى يۇلتۇزنىمۇ كۆردۈم، نىگارنى كۆرمىدىم،
كۆزلىرىمنى ئول دىدارغا زارۇقان قىلدىڭ ئەجەب.

ئىدىغۇ ئىلكىڭدە بارىم، ھەممىگە قادىر ئىدىڭ،
بىر يولى ئالماي جېنىمنى خەستە جان قىلدىڭ ئەجەب.

رەڭ ـ جۇلاسى گۈلگە تەڭداش، خۇش پىچىم بەرنا ئىدىم،
دەرد بىلەن ئەگرى قوراي، ھۆسنى سامان قىلدىڭ ئەجەب.

ئەلگە خىزمەت ئەيلىبان قىلماق رىزا ئەھدىم ئىدى،
ئاھ، گۈزەر-كويلاردا رەسۋايى يامان قىلدىڭ ئەجەب.

ئاتا-ئانام جەۋھىرىنىڭ يادىكار مۈلكى دېسەم،
ھەر ھۈجەيرەمنى ئۆزۈمگە مىڭ چايان قىلدىڭ ئەجەب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلمىدىم يار ئىشقىدا قاقشال تېنىم، جان بارمىكىن،
ۋەھمە ئول جاندا ئەمەس، جانىمدا ھىجران بارمىكىن.

يارنى ھەر قىلسام خىيال ھىجران نەپەس بەرگەن تۇرۇپ،
بىخەۋەر ھىجراندىن مەندەكمۇ نىمجان بارمىكىن.

خانۇماندىن ئايرىلىپ يۇرگەن دىيارۇ يارسىز،
مەن كەبى ئالەمدە سەرگەردانۇ سەرسان بارمىكىن.

كۆيدۇرۇپ ئاھىدا يەر كۆكنى يېشىغا چۆكتۇرۇپ،
قىلغىنى مەندەك ئۇنى يەكسانۇ ۋەيران بارمىكىن.

ئۆرتمەس تەننى بۇ يەڭلىغ يەتتە دوزاخ يالقۇنى،
يار ئوقىدىن جان ئارامى دالدا-پىنھان بارمىكىن.

قىيندىم كۆپ، ئىككىسى مەندىن قۇتۇلماق ئىزدىدى،
ياكى جانغا ياكى بۇ ھىجرانغا ئىمكان بارمىكىن.

مەن جۇنۇن بولماي نىتەي، ئىشقى جىنىمنىڭ رىشتىدۇر،
بولمىغان ئول يارنى بىر كۆرگەندە ھەيران بارمىكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ يۈرەك مەشئەل ئەزەل، زىنھاركى ئۇ گۆش بولمىغان،
مەشئىلىم يالقۇن ئارا تاۋلاندىكى بوش بولمىغان.

مىڭ ئەجەبكى، مەنلا يالغۇز، ئۆزگە ئىنسان يوقمىدى،
ئەھلى ئالەمدە ماڭا ئەسرارۇ تونۇش بولمىغان.

قاي چېغىكىن بىر گۈزەلنىڭ جىلۋىسىن بەختىم دېدىم،
ئۆمرىبان كۆڭلۈم مېنىڭ شۇل لەھزىدەك خۇش بولمىغان.

ئول دىداردىن بالقىدىم خۇددى ساماغا نۇر بولۇپ،
جامۇجام مەي بەھرىدە ئانداقچە سەرخۇش بولمىغان.

مېنى ئول دەمدە دېمەك سەرخۇش، نە سەرخۇش مۇردىمەن،
مەرگىمۇش ئىچكەن كىشىمۇ مەنچە بىھوش بولمىغان.

كۆز يېشىم دەرياسىدىن تۇتتۇم لەھەگدىن نەچچىنى،
باسسىمۇ كەلكۈن ـ سەلەب پايەممۇ نەمخۇش بولمىغان.

يار تامان ئۇچتى خىيالىم كۈنۈتۈن ھېچ پەسلىمەي،
توختىماس پەرۋازىدىن كۆڭلۈمچە بىر قۇش بولمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مازارلاردا يۇرۇپ قوزغۇن ئۇنىدىن ئەل ھەزەر قىلمىش،
سەۋەب ئۇ ئۇچرىغان بەختى قاراغا شۇم خەۋەر قىلمىش.

بۇگۇن ئىزدەپ كېلىپ، قوغلاپ بېشىمدا سايرىدى قوزغۇن،
مېنى داغدا قويۇپ يارىم يىراقلارغا سەپەر قىلمىش.

نىتەي، ئەمدى ئىشتىكەننى ئۆلۈم ئاگاھى دەپ بىلدىم،
دىدارسىز ھەر دېمىمنى ئۇ ئەجەل يەڭلىغ خەتەر قىلمىش.

كېزىپ پەرياد بىلەن تاغۇباياۋانلار ئارا ئۆتكەن،
ساياق، سەرسانە سەيياھتەك كۇنۇتۇن دەربەدەر قىلمىش.

پۇراپ ـ هدلاپ ئىزى قالغان گۇزەر ـ كويلاردا تۇپراقنى،
كۆزۇمگه سۇرتكىلى يىغلاپ گويا دۇررى گۆهەر قىلمش.

كېرەكمەس جان، جاهان ئەمدى، باهارۇ باغلىرىم قاقشال،
يېشمنى تامدۇرۇپ تەشنا لېۋىمگه قان، زەهەر قىلمش.

قۇياشسز تۇن ئۆتەر شامدا، نىگارسز كۇن ئۆتەر قانداق،
يۇرەكنى ئۆرتىبان قەستى ئۆلۇكتىنمۇ بەتەر قىلمش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇياشتىن جىلۋىدار ھۆسنى سامادا تۇغ ـ ئەلەم بولدى،
ئۇڭا باقتىم تۇمەن كۆزدە، لېكىن تىل يوق ئەلەم بولدى.

تولۇن ئايمۇ ھىلال شۇدەم سالامدا ئېگىلىپ يادەك،
بېشىغا قوندى يۇلتۇزلار، نىگارىم مۆھتەرەم بولدى.

غېرىب دەيسىزكى ئۇ ساقتۇر، مېنى ئىشق ئەيلىدى مەجنۇن،
گويا ھەربىر ھۇجەيرەمدە يېنىپ يار مىنىڭ سەنەم بولدى.

لەھەتكە كىرمىدىم، ئەمما نىگارنى ئىزدىدىم ھەريان،
غېرىبنىڭ كەزگىنى نە چۆل، چاھارباغۇ ئىرەم بولدى.

چۈشۈپ نۇر بالقىتىپ كۆكتىن پەلەكنىڭ ھۆرلىرى كەلدى،
ماڭا يەتمەككە بىر ماڭدام يولىمۇ مىڭ قەدەم بولدى.

چۈشۈمدە يايرىدىم يارنى ئۇزاق تۈنلەردە بىر كۆرسەم،
پىراقىنىڭ شىددەتى ئەمما جېنىمغا دەمۇدەم بولدى.

يېزىپ ھەر تۈندە مەكتۇپلەر ئەۋەتتىم تۇرنىدىن يارغا،
كۆزۈمنىڭ قانلىرىدىن رەڭ ئېلىپ كىرپىك قەلەم بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھاياتىم مەشئىلى كۈن ـ تۈن يۈرەكىمنىڭ تەختىدە بىلسەڭ،
كۆككۈل ئاسماندا پەرۋازدا ئىشقىمنىڭ بەختىدە بىلسەڭ.

ئادادۇر ساقىيغا ھاجەت، قەدەھى لالەگۈن مەيگە،
باغۇ گۈلشەندە سەرخۇشمەن گۈزەلىمنىڭ شەۋقىدە بىلسەڭ.

ئاقارمەن گاھىدا ئۆركەشلىبان گاھ دەۋرىدىم بىھوش،
ئېرىپ شېرىن خىيالەتلىك پىراقىمنىڭ تەپتىدە بىلسەڭ.

قاچان بولدۇم مۇيەسسەر بۇ ئىشقىم بەختۇ ئامەتكە،
يۈزۈم گۈل ـ غۇنچە، ئەنۋەرگى ۋاپامنىڭ بەھرىدە بىلسەڭ.

ئەگەر بولغاندا ئىمكانىم خىيال ئەتمەككە ئۇل يارنى،
ئاشۇ بىر لەھزە پۇرسەت ئون ئۆمۈرنىڭ نەرخىدە بىلسەڭ.

يېشىم ئاققاندا زوقلاندىم كۆرۈپ يار ئەكسىنى ئەينەن،
قۇياشنى كۆرگىلى بولغاي زىلال ھەر قەترىدە بىلسەڭ.

دىيارۇ خانۇمانسىز مەن، بىراق باغرىمدا مۇلكۇم جىق،
جىمىدىن شادىماندۇرمەن ئىشقىنىڭ شەھرىدە بىلسەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىۋاپانى قايسى تەقدىركى ماڭا يار ئەيلىدى،
قەستىمدى قەددىمنى دال، ئىشقدا بىمار ئەيلىدى.

تاغ ئېرىپ، ئالەم سۇيى كەتكەي قۇرۇپ ھىجرانىدا،
شۇنچە دەردنى بەردىكى دىدارىغا زار ئەيلىدى.

بىر لەتىپ ئىنسان ئىدىم، قانداق ئېقىن دەپ بىلدىكىن،
كۈنۈتۈن ئۆركەشلىگەن دەرياچە بىدار ئەيلىدى.

بولمىدىمغۇ ياكى جان يا دەردى ھىجراندىن ئازاد،
نەگە بارسام ئول ئىشق ئالەمنى بەك تار ئەيلىدى.

چوقۇسا قۇزغۇن كۆزۈمنى، دەردى تەننى چشلبان،
قەتلىئام خەنجەر بىلەن باغرىمنى مىڭ پار ئەيلدى.

گۈلنى كۆرسەم يىغلىدىم بۇلبۇلغا ئوخشاش تاڭدىمەن،
ئاينى ئوخشاتتىم ئۇڭا ئىشقىم ئۈمىدۋار ئەيلدى.

سۆيگۈنى بەرگەن خۇدا بەرگەي سۆيۈشنى بىر كۈنى،
چۆلگە يامغۇر ياغدۇرۇپ ماڭا مەدەتكار ئەيلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نادىرى دەۋران دېدىم كۆركى كارامەتتە سېنى،
تەختدە سۇلتان دېدىم ھۆسنى نازاكەتتە سېنى.

يولدا ياتقان بىر گادايىنىڭ ئالدىغا چۈشتى گۆھەر،
كىم ماڭا كۆرسەتتىكىن قايسى ساخاۋەتتە سېنى.

ئۆرتىنىپ چۆكتى بۇلۇتنىڭ كەينىگە غەم داغىدا،
ئاھ! دىبان كۆرگەچكە ئاي جىلۋە پاساھەتتە سېنى.

بەختىدىن ئالتۇن چېچەك ئاچتى سەھەرنىڭ چولپىنى،
تۇنبويى ئىزدەپ كېلىپ كۆرگەچ زىيارەتتە سېنى.

تۇز كېلىپ ئاقساقلىغانچە كەتتى ئالدىڭدىن قېچىپ،
بىر كۆرۈپ رەپتارىڭغا شەمشاد قىياپەتتە سېنى.

ئاي دېسەم ئايدىن تولۇنسەن، گۈل دېسەم سۆزلەيسىنا،
يەتمىدى ئەقلىم، ياراتتى كىم كامالەتتە سېنى.

ۋەسلىڭگە يەتتىم خىيالەن، شۈكرىكىم قەلبىمدە سەن،
يادلىغايمەن بىر ئۆمۈر بەختۇ سائادەتتە سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

بىر كۆرۈپ تاڭ قالدىما سەيلە ـ ساياھەتتە سېنى،
كۆچۈرۈپ كىردىم يۈرەككە خۇش خىيالەتتە سېنى.

بالقىدىم نۇردەك ھاۋادا، گۈل كۆرۈندى يەر ـ جاھان،
دىل خانامدا سويلىبان قىلغان زىيارەتتە سېنى.

چاقىندى ئۆمرۈم كۆكىدە تەلپىمنىڭ يۇلتۇزى،
چاغلىغاچ زەردەك تازا ئەھلى دىيانەتتە سېنى.

تەۋسىپىم كەلدى يېنىپ، تەگدى يۈزۈمگە قامچىدەك،
قايىدىدۇر كۆرگەن چېغىم غەيرىي ئالامەتتە سېنى.

تاۋلىنىپسەن جىلۋىدە، راستمۇ قېنى ئېيت كۆرگىنىم،
نەچچىلەرنىڭ ئالدىدا نازۇنازاكەتتە سېنى.

ۋاھ، نىتەي، بۇلبۇل دېسەم قۇزغۇن سىگارى سايرىدىڭ،
دەپتىمەن قويمايدىغۇ بۇنداق نادامەتتە سېنى.

ئاي قارايدى، كۈن ئۆچۈپ، چاقماق تاراسلاپ ياندىغۇ،
بىل، ئۇلار كۆرگەچ ماڭا قىلغان خىيانەتتە سېنى.

بۇ قىساس تۇتقاي چوقۇم مۇتلەق ئەجەلدەك بىر كۈنى،
باغلىبان ھەق قەھرىگە قويدۇم ئامانەتتە سېنى.

مەن ھامان كۆرگەيمىنا مەھشەر كۈنىدە يۈزمۇيۈز،
چاھارپايدەك ئۆملەپ يۈرگەن قىيامەتتە سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىغلىسام چۈللەرمۇ نالاپ قىلدى پەرياد دىلبىرىم،
تەلمۈرۈپ پايەتسىمەن، قەددىڭكى شەمشاد دىلبىرىم.

كەلمىسەم دۇنياغا كۆرمەستىم جامالىڭ قەھرىنى،
بىر تۇغۇلغانغا دىگۈزدۈڭ كۆندە مىڭ داد دىلبىرىم.

قاچتىما، تەپتىڭدە تەن ئېرىپ تۆگەر دەپ ۋەھمىدە،
قوغلىدىڭ جان ئالغىلى خۇنخورى سەييات دىلبىرىم.

زارىقىپ كۆتسەم ۋاپا ھەلقۇمدا جانىم قالغىچە،

ئۇردۇڭا ھجران تىغى باغرىمغا جاللات دىلبىرىم.
لاماكان قالغاچ كەبى سالسام ئۇۋۇا ئۆمرۈمگە مەن،
يەنە سەرسان ئەتكىلى قىلدىڭغۇ بەرباد دىلبىرىم.

ئەل ھېيتگاھدا، لېكىن بارسام قايان دەردگاھدىمەن،
بىر جېنىمغا ئازمۇ بۇ؟ بولدۇڭغۇ شەدداد دىلبىرىم.

ئۆمرىبان ۋەسلىڭ قۇچۇپ ئۆتكەن سائادەتمەن كەبى،
بەختىيار جايىم لەھەت قىلساڭ ئەگەر ياد دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئىشقىدا بىھوش ئەسرەمەن، يارغا قۇل بولدۇم ھامان،
چەكتى تامغا ئىچ ـ تېشىمغا، قۇل كېتەر ئۆمرۈم ھامان.

بولمىدى ھەددىم قاراشقا، دىلنى ئىزھار ئەتكىلى،
دەردىما، تىلسىزكى ئەما، بىزۇۋان يۇردۇم ھامان.

قۇلغا شاھى بىنەزەردۇر، قۇل ئۇنىڭ پەيۋەندىسى،
جانغا كىم ئاگاھ ئەمەسكى ياردىدۇر كۆڭلۈم ھامان.

تەنلەر كەلكۈن ياراتتى، پىتنىلەر يامغۇر تۆكۈپ،
باسسىمۇ دەريا، سەلەبلەر ئۆچمىدىم، كۆيدۈم ھامان.

چۆلگە تاشلانغان بىلىقمەن، چاڭقىدىم، ھەلقۇمدا جان،
مەي شۇمۇپ ھەرئان خىيالەن يار لىۋىن سۆيدۇم ھامان.

پاتسا كۈن قالغاي شەپەق قان رەڭگىدە تاغ باشدا،
داغى ھىجراندا كېتەرمەن، يادلىنار سۆيگۈم ھامان.

ھەر كىشى ئارزۇسىدۇر جەننەت، بەدەلدۇر ئۆلمىكى،
ئاقىۋەت يار ۋەسلى جەننەتتە دىبان ئۆلدۇم ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىزىڭنى قالدۇرۇپ كەت يار ساۋابلىق يادىكارىم دەپ،
ئۇنىڭ گۈل جىلۋىسىدىن زوق ئالايكى ئىنتىزارىم دەپ.

ساڭا سەيلەڭدە بىر چۈشكۈن بولۇشقا ئەرزىگەن جايىنى،
تاپارمەن ئىزدىبان ئاخىر ئەزىزان قىبلىگاھىم دەپ.

دىدارىڭ يوق لېكىن يادىڭ بىلەن مەستانە-مەسخۇشمەن،
سېنى دەپ يىغلىغان چۆلنى بىلەرمەن نەزمىگاھىم دەپ.

ئىمان، ئىخلاس، ئەقىدەم ھەممىسى سۆيگۈڭ بىلەن يارقىن،
پۇرايمەن ئىزلىرىڭنى يار مۇقەددەس سەجدىگاھىم دەپ.

ۋىسالىنىڭ دەملىرى قىسقا، ئۇزاق ھىجرانلىرىڭ بەختىم،
خىيال قىلسام خىيانەتتۇر كويۇڭنى جەبرىگاھىم دەپ.

قۇياشنى تۈندە كۆرگەندەك ئەگەر كۆرسەم جامالىڭنى،
مۇراد ھاسىل، ئۆمۈر پۈتكەي يېتىپتۇ ھەققە ئاھىم دەپ.

تۈيۈقسىز ئۇچرىساڭ ھۆسنۈڭ سۈرى يولۋاسقا ئايلانغاي،
ئاشۇ دەرگاھنى بىلگەيمەن تىلەكىم — قەتلىگاھىم دەپ.

كېپەنسىز، قەبرىسىز قالسام غېمىم يوق باقىي ئالەمدىن،
كۆزۈم يۇمماي ياتارمەنكى سېنى كۆكلەردە ماھىم دەپ.

ئەگەر پەرياد بىلەن ئۆلسەم ئىزىمدا غارۇھاڭ پەيدا،
تاۋابگاھ ئەيلىگەي دوستلار ئۇ يەرنى قەبرىگاھىم دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نالىدىم، ئادەمنى ئادەم شۇنچە سۆيدۇرگەيمۇ دەپ،
سۆيگۈدە ئاشىق ۋۇجۇدى بۇنچە ئۆرتەنگەيمۇ دەپ.

كۆك قۇياشىنى كۆرەي دەپ كەلسىما ئالەمگە مەن،
يەر قۇياشى جاننى بۇ يەڭلىغمۇ كۆيدۇرگەيمۇ دەپ.

ھۆسنىدىن قاتىل ياساپ مەھشەرنى تېز كەل ـ كەل دىبان،
مەن تىرىك چاغدا قىيامەتلەرنى كۆرسەتكەيمۇ دەپ.

ئەڭ قەبىھ جاللاتمۇ بىر جاننى پەقەت بىر ئۆلتۈرۈر،
مېنى ئىشقى داغى بىرلە كۈندە ئۆلتۈرگەيمۇ دەپ.

بىر جېنىمنى كۆندە ئالماي بىرلا ئۆلسەم دەر ئىدىم،
ۋەھمەشۇ ـ يار جىلۋىسى قايتا تىرىلدۈرگەيمۇ دەپ.

كۆزدە ياش، باغرىمدا قاندىن بىر ئەزىم دەريا ياساپ،
تۇتقىلى قارماق سېلىپ قايىنامغا چۆكتۈرگەيمۇ دەپ.

تىلىدىم يارنى پاناھدىن گەر يىقىلسام ھىجرىدە،
لېۋىدىن بىر قەترە مەي بەرمەككە كەلتۈرگەيمۇ دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سېنى دەپ كەلدىم جاھانغا ئۆمرىبان غايەم ئۆزۈڭ،
قىممىتى سەندە ياشاشنىڭ بىر گۈزەل ئالەم ئۆزۈڭ.

كۈنۈتۈن يادىمدا ھەم قەلبىمدە سەن جىلۋەڭ بىلەن،
بىردەمى تەرك ئەتمىدىمكى ھەمراھىم۔سايەم ئۆزۈڭ.

زارلىسا كاككۇك يىراق باغلاردا باغرىم قان بولۇر،
قىچقىرارمەن نەرە تارتىپ يىغلىبان نالەم ئۆزۈڭ.

ئۇخلىماس يادىڭ بىلەن تۈنلەردىمۇ كۆلبەم يورۇق،
سەن سائادەت سۈرتى ھەرئان ماڭا ئايەم ئۆزۈڭ.

نەقلاي باغلار ياساپ گۈل ئۆستۈرۈپ چۆنەكتە مەن،
باغ ئېرۇر باغرىم ساڭا شۇ باغدىكى لالەم ئۆزۈڭ.

ساڭىلا قىيماي جاھاندا ياشىدىم ۋەسلىڭ كۈتۈپ،
جانغا جان قوشقان گۈزەلىم ھەممىگە چارەم ئۆزۈڭ.

بىر قۇچاق ئاچساڭ ئېرىپ كىرسەم تېنىڭگە شىرىندەك،
راھىتا، جەننەتتىمۇ يوق ئەڭ ئېسىل خانەم ئۆزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

يار ھامان يادىمدىدۇر، باغرىمدا دۇنيا شادىمەن،
تەختى ئامەت ئالىمنىڭ ئەركىسى شاھزادىمەن.

قايسى باغنىڭ گۈللىرى تۆت پەسلى ئوخشاش جىلۋىدە،
گۈل نىگارنى كۆردۈما گۈل چېھرىدە قىش، يازى مەن.

لەرزىتىپ جان تارىنى چەككەندە يار چوغ زەخمىكى،
يىغلىتىپ بۇلبۇلنى مەست قىلغان قىيام كۈي، سازىمەن.

خاس كۆكۈل خانامغا زىنھار كىرمىگەي نا مېھمىنىم،
چۈشكە كىملەر كىرەر دەپ ۋەھىمدە ناشادىمەن.

لەشكرى كىرپىكلىرىدە تۇرسا پەيكان شىددىتى،
ئۆيىقۇسى قاچقاي دىبان غەمدىن شۇئان ئازادى مەن.

گەر بىراۋغا جىلمىيىپ قالساكى يارەب! دىلبىرىم،
ئىككى ئالەم داغى پۇتمەس دادىخاھنىڭ دادىمەن.

بەختىما، يارنىڭ خيالى مەھرەممدۇر كۆنۈتۈن،
نائۈمىد ئاشىق جۇنۇننىڭ رەھنەما ـ ئىرشادىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېتمدۇر ئشقيار لېك مەن نگارنى سۆيمگەن ئاشق،
چۇشۇمدە بر دىدار ئەيلەپ ئوڭۇمدا كۆرمگەن ئاشق.

خيالەن يار پراقدا كۇنۇتۇن ئۆرتنپ قلدەك،
سامادن چۇشسە ملك چاقماق تۇتەپ بر كۆيمگەن ئاشق.

تېپكچۇ بارمكن مەندەك قلسپ مات دامى شەيتاننى،
ۋاپادن تاج كيسپ ئۆزگە ئۇچۇن دل بۆلمگەن ئاشق.

ئشقتن چوغلنسپ يارقن، يۇرەكتە ياندۇرۇپ مەشئەل،
جۇدۇن قسمەتلردە رەك، زىياسى ئۆچمگەن ئاشق.

جۇدالىق لەشكىرى سەپ ـ سەپ بولۇپ تىغ تارتىغان چاغدا،
ئۈمىدىنىڭ تەختىدە شاھتەك بېشىنى ئەگمىگەن ئاشىق.

ۋىسال پەيۋەندىسى ئۆمرى ـ جانانى ۋەسلىگە تارتۇق،
بىراق كاج تەلىيى ھەرئان ئوڭغا كەلمىگەن ئاشىق.

ئەجەلنىڭ پەنجىسى باغرىم قېتىنى پارە ـ پار قىلسا،
ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ بەھرى بىلەن مەن ئۆلمىگەن ئاشىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆزى شەھلاسىنىڭ شەۋقى بىلەن شەيداغا ئايلاندىم،
ئىشقىنىڭ دەشتىدە سەرسان، ساياق سەۋداغا ئايلاندىم.

يېنىپ باغرىمدا مىڭ دوزاخ ئوتى يالقۇن ئۇرۇپ تۇرسا،
قەيەردە مەشئىلى يانغىن شۇئان پەيداغا ئايلاندىم.

تېنىمگە جان بولۇپ كىرگەن پىراقىڭ ئۆچمىدى ئەي يار،
ئامانەت جان كېتەر، كەتمەس قۇلۇڭ، ئەسراغا ئايلاندىم.

قاشۇكىرپىك، چېچىڭ بوستاننى ياشناتقىلى ھەرئان،
قانۇ ياشىم بىلەن ئۆركەشلىبان دەرياغا ئايلاندىم.

بېغىڭ، گۈلشەنلىرىڭ ئاۋات، لېۋى چاك ـ چاكى تەشنامەن،
ئېقىپ ئۆكسۈپ، قۇرۇپ قاقشال، قاقاس سەھراغا ئايلاندىم.

ئۇزاق تۈنلەردە كۆلبەمدە خىيالىڭ شام بولۇپ ياندى،
ئۇڭا پەرۋانىدەك زارۇ غېرىب تەنھاغا ئايلاندىم.

تېنىم قۇرتلار ماكانىدۇر، بېغىر نەلەردىدۇر قالدى،
ئۆزۈمگە بىر قاراپ ھەيران، بىھوش ئەرۋاغا ئايلاندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تىلەي، خارۇزەبۇن بولدۇم، مېنى بىر پۇل قىلىپ ئالغىن،
دىۋارۇ تەختى پايەڭنىڭ تېگىگە ئۇل قىلىپ ئالغىن.

رىزامەن، گەر كېرەك بولسا ئىمارەت سەرپىياتىغا،
قېنىم سۇ، ئۇستىخانىم خاك، ئېزىپ چۇل - چۇل قىلىپ ئالغىن.

ئىچى - تاشىم ئايان — قاندۇر، ئىشقىنىڭ تىغلىرى تىلغاپ،
يۈرەكىم غۇنچىسى بولسۇن بېغىڭغا گۈل قىلىپ ئالغىن.

شاھانە سەلتەنەت پەيزىڭ جۇلاسىدۇر ناۋا - نەغمە،
قەپەزىڭ ئىلكىدە خەندان ئۇراي بۇلبۇل قىلىپ ئالغىن.

جىنىڭغا جان كېرەك بولسا ھايالداپ قالمىغاي لەھزە،
ئۇچاي ئالدىڭغا ئۆلمەككە مېنى دولدۇل قىلىپ ئالغىن.

ئوتۇڭدا ئەۋرىشىم بولدى ئېرىپ بۇ رىشتەئى جانىم،
بويۇڭدا سويلىتىپ ئويناش ئۇچۇن سۇمبۇل قىلىپ ئالغىن.

نىگاھىڭ تۇتىيادۇركى، نەزەردىن ساقىتىڭ مەن يار،
ئۆزۈڭگە ئەرزىمەيمەنكى قۇلۇڭغا قۇل قىلىپ ئالغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۆيگۈدە ئادەمئاتانىڭ باغرى داغلانغانئىمىش،
ئانىمىز ھاۋا چېچىدا بوينى باغلانغانئىمىش.

ھەپتە، ئاي، كۈنلەر تۈگۈل بىر لەھزە تاقەت بولمىغاچ،
ئەيلىبان ماھۇق تۆشەك مۇزدىن چىقىن ئالغانئىمىش.

تەنلەر قىلماڭ ماڭا كۆپ، بىلسىڭىزچۇ ئەي رەپىق،
ئىشق دەردىن دىلغا ئەسلي تەگرىمىز سالغانئىمىش.

پۈتتىكىن قايسى چېۋەر قولدا گۈزەللەر ئەندىزى،
ھۆسنى راست، ئىخلاس، ۋاپادا نازلىرى يالغانئىمىش.

شۇندىمۇ ئىشق ئەھلى تا جانۇ، تىنىق ئەيلەپ پىدا،
بىر دىدارغا مىڭ قېتىم ئاتەش بولۇپ يانغانئىمىش.

كۆيدى، كۆيدى ئۆچمىدى ئوت، دەردكە ئىمكان قايدىكىن؟
بىلدىما، جەۋرىسى زاھىر، چارىسى پىنھانئىمىش.

«بىداۋا سەۋداغۇ بۇ، يوقتۇر مۇراد زىنھار» دىبان،
كۆپ جانانلار ئەھلى ئاشىق ئەقلىدىن ھەيرانئىمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

بۇ غېرىب ھالىمغا يار ئۆزى گۇناھكار، دەپتىمىش،
قىلمىغاي ئەمدى ماڭا قەلبىنى ئىزھار، دەپتىمىش.

سايرىسا گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل پىغاندا ئاھ ئۇرۇپ،
بولمىغاي لايىق گۇناھقا ئۇندا گۈلزار، دەپتىمىش.

ئايدالادا ئايغا باقسا ئايغا زوقمەن زوقلىنىپ،
كىم دېيەلەيدۇ شۇ چاغ ئاينى ئەيىبكار، دەپتىمىش.

چوغ تۇتۇپ كۆيگەندە قول جان قاقشىسا ۋاي - ۋايىكىم!
چوغ ئەمەس، تۇتقان كىشى بەرھەق ستەمكار، دەپتىمىش.

گۈل ئەمەس ئاتەش ئىدىم، كەلدى پۇراشقا ئول جۇنۇن،
قىپقىزىل بىر تەلۋىكەن بولدى كۆيۈپ خار، دەپتىمىش.

ئوت دېگەن ئاپەت ئەزەلدىن تۇرغۇلۇق ئۇندىن يىراق،
جان كېرەك بولسا ئەگەر بولمامدۇ ھوشيار، دەپتىمىش.

ياش ئەمەس قان يىغلىسا ھەرئاندا پەرۋايىم پەلەك،
قىپتىكەن تەگرىم مېنى شۇنداق جەلپكار، دەپتىمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىسام ئول يار يەنە مۇنبەردە مۇنداق دەپتىمىش:
قايدىكەن پەرھاد،شىرىن، بولمايدۇ ئۇنداق، دەپتىمىش.

كۆيگىنى پەرۋانىدۇر، شامدان يىقىلماس ھېچقاچان،
ئىشقى سەۋدا تەقدىرى شەكسىزكى شۇنداق، دەپتىمىش.

بىنەزەرلەر ئالدىدا تەشنايى شەيدا بولغىچە،
ھەر ئىشىكنىڭ ساھىلى بولغانمۇ خوپراق، دەپتىمىش.

نالە قىلساڭ باغرى تاشنىڭ باغرى يۇمشاپ قالمىغاي،
بىز گۆزەللەر يىغلىتىپ ئويناشقا ئامراق، دەپتىمىش.

كۆتمگەي ۋەسلى ۋاپا ئاشقلرىم لەۋ تامشتىپ،
نازىننلار نازغا باي، ئىنسابتا كەمراق، دەپتمش.

كۆگلمز پەرۋازدىدۇر، ئالەم كېزەرمز سەيلتىپ،
تۆلكننك ئەل بولمقى بىزدىن ئوگايراق، دەپتمش.

هەپسگە تۇتقۇن كىشى نۇر ئىشقدا هالى زەبۇن،
بىزگە تۇتقۇننك كۈنى ئۇندىن بەتەرراق، دەپتمش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۈكرىكىم، بەختىمگە نەرخ ئالتۇندا تاغىم سەن مېنىڭ،
بەھرىدىن جەننەت خىجىل گۈلزارى باغىم سەن مېنىڭ.

ئاقسىسام قىسمەت چۆلىدە كىمگە چۆشكەي ھاجىتىم،
باركى سەن مەنزىل يىقىن، تالماس ئاياغىم سەن مېنىڭ.

رەشكىدىن ئەغيار قوشۇن تارتسا زەپەر قۇچتۇم ھامان،
سۆيسەن يات ئالدىدا غالىب ياراقىم سەن مېنىڭ.

گەر ئېزىپ چۆشسەم مۇئەللەقتىن رەقىب ھاك ـ غارىغا،
مۇنبەرى يۈكسەكتىمەن، تەختى، راۋاقىم سەن مېنىڭ.

كۆڭ تۇتۇلسا ئاي ئۆچۈپ كامىل ئىشەنچىم نۇر ئۈچۈن،
تەلىيىم بولماس قارا، مەشئەل چىراغىم سەن مېنىڭ.

سۈرىتىڭ بولدى نەقىش باغرىم دىۋارى تۆرىدە،
داغلىرىڭ كۆركەمگە زىننەتكى ئوماقىم سەن مېنىڭ.

چاڭقىبان ئۆمرى جاھان كەلدىم ۋىسالىڭ شەۋقىدە،
بىل، كېزىپ رۇيى زېمىننى تاللىغانىم سەن مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر كۆرۈپ كۆيدۈم، كۆزۈم قىلدى بالاغا مۇپتىلا،
كىر يارالسام بولمىغايتتىم ئۇ زىباغا مۇپتىلا.

ئەيلىدى قەست كۆزلىرىم، كۆرمەككە ئۆزگە يوقمىدى،
قىلدى يۈزى ئاق، لېكىن كۆڭلى قاراغا مۇپتىلا.

دەۋرى قىلغان بىر تۇغۇم ۋە بىر ئۆلۈمدىن بۇ ھايات،
بوپتىمەنۇ ھەر بېقىپ بىر جان ئالاغا مۇپتىلا.

نى ھېكىم، جەرراھ، تېۋىپ ھەيرانۇھەس بولدى كۆرۈپ،
مەن ئىمىشمەن بىئەجەلۇ، بىداۋاغا مۇپتىلا.

ئىختىيارۇ ئەقىل ـ ھوش كەتتى قولۇمدىن، قالدى تەن،
قىلمىغىن بەندەڭنى ھەق بۇنداق جازاغا مۇپتىلا.

ساقلىسام تەن ئىچرە ئىشقى يادىنى جاندەك بىلىپ،
ۋە لېكىن كۆڭلى قارا بوپتۇ تالاغا مۇپتىلا.

كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەلچىسى دەرمىش نادانلار چاغلىماي،
قىلدى ئۇ قان ـ قان يۇتار قىسمەت، قازاغا مۇپتىلا.

چۈشتى كۆزنىڭ دامىغا كۆڭلۈم، يۈرەكتە لەختە قان،
بولسا نە ئارمان كىشى ئەھلى ۋاپاغا مۇپتىلا.

تارتىۋەت! تەڭرىم كۆزۈم ئاقۇ قاراسىن بىر يولى،
كۆرمىسۇن نائەھلىنى، بولماي گۇناھقا مۇپتىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەپەسكە مۇپتىلا بۇلبۇل چىمەننى، باغنى ئۇنتۇمدۇ ؟
سارايىنىڭ ئەرمىكى ئاھۇ قىيانى، تاغنى ئۇنتۇمدۇ ؟

شاھانە ئوردىدا شۇڭقار كۈمۈش قونداقتا مۆگدەيمىش،
لېكىن پەرۋازىدا سۇرگەن تۇرۇمتاي، زاغنى ئۇنتۇمدۇ ؟

ئەگەر زىنداندا مەھكۇملار ئەقلىدىن ئازسىمۇ قانچە،
كۆيۈپ نۇر ئىشقىدا كۈن ـ تۈن قۇياشنى، ئاينى ئۇنتۇمدۇ ؟

يۈرۈپ ئاپتاپۇ ئايدىڭدا يورۇقتىن بىتاما دېھقان،
غېرىب كۆلبەستە يانغان ساپال چىراغنى ئۇنتۇمدۇ ؟

چىراغدىن نۇر كېتىپ زۇلمەت يۇرەك ـ باغرىنى مۇزلاتسا،
ئۇنىڭغا نۇر ئاتا قىلغان پىلىكنى، ياغنى ئۇنتۇمدۇ؟

ساقايماس داغ، جاراھەتنى ئىگەم بەندەڭگە كۆرسەتمە،
نىگارىدىن جۇدا دەردمەن سۆيۈشكەن چاغنى ئۇنتۇمدۇ؟

يېزىپتۇ بىۋاپانامە، مېنى ئەمدى ئۇنۇتقىن، دەپ،
دېسە ئۆل مەيلىدى، ئاشىق ئىشقىنى، داغنى ئۇنتۇمدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قالدى جان ھەيرانىمەن، نى-نى بالالاردىن ئېشىپ،
خۇنغا چاڭقاپ ئەزرائىل كەلگەن قازالاردىن ئېشىپ.

ئۆتتى ئۆمرۈم يار كۈتۈپ، يىللار ئېقىندەك ئاقتىغۇ،
جان ئاتا قىلغاچ ئۈمىد قالدىم جاپالاردىن ئېشىپ.

يار دىدارىنى خىيال قىلدىمكى ھوشىمۇ، جانىمۇ يوق،
نەچچە قايتتىم تىرىلىپ قەبرە-مازارلاردىن ئېشىپ.

بول دېسە بولدۇم پىدامەن، قۇل دېسە بولدۇم قۇلى،
ساتتى قانچە، ئۆزگە ياندىم بازارلاردىن ئېشىپ.

بەرمگەچ يارىم ۋىسال جامىدا مەي، باغرىمدا ئوت،
شۆكرىكىم، قالدىم قارا قىشتىن - ئايازلاردىن ئېشىپ.

كۆكلىدىم يار ئىشقىدا گۆش، ئۇستىخان پۇتتى يەنە،
ماڭا تەشنا چۆلدىكى قۇزغۇنۇ، زاغلاردىن ئېشىپ.

مېنى خار قىلدى نىگار كۆيدۇم دېگەنگە شۇنچىلىك،
پاك ئىدىمغۇ قالمىغانمەن بۋاپالاردىن ئېشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مېنى سەن سۆيمىدىڭ، سۆيدۈم، سېنى سۆيمەسكە مۇمكىنمۇ؟
ئۆزۈڭ بىر ئوت ـ لاۋا تۇرساڭ قېچىپ كۆيمەسكە مۇمكىنمۇ؟

ياناركسەن گاھىدا كۈندەك، تۈنۈمدە ئاي بولۇپ بالقىپ،
يەنە ھەر تاڭدا چولپانسەن، ئۇنى كۆرمەسكە مۇمكىنمۇ؟

قەپەسكە مۇپتىلا ئارسلان ئادا بولغايكى شىددەتتىن،
پىراقىڭ دامىغا چۈشتۈم ئۇڭا كۆنمەسكە مۇمكىنمۇ؟

ئىشقتىن باشقا مۈلكۈم يوق، ئۇڭا ھەرئان بەدەل ئۆمرۈم،
جېنىمنى بىر ئەمەس مىڭ دەپ پىدا ئەتمەسكە مۇمكىنمۇ ؟

مېنىڭ ھالىمغا يىغلاپ كۆك يېشى مۆلدۈرگە ئايلانسا،
قىلىپ ئاۋات باياۋاننى يېشىم تۆكمەسكە مۇمكىنمۇ؟

كۆزۈمنىڭ گۆھىرىن ھەركىم جېنىدەك ساقلىغاي ئاسراپ،
جېنىمنىڭ ئىچىدە جانسەن ئۇنى بىلمەسكە مۇمكىنمۇ؟

ئەگەردە بىرنى سۆيسەڭ يار چىدالماي بۇ سائادەتكە،
قۇچاقلىڭ بەھرىدە يايراپ، كۈلۈپ ئۆلمەسكە مۇمكىنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېپىك باغلانسا ئارقاندا يىراق كەتمەككە مۇمكىنمۇ؟
تۇرۇپ تۇتقۇندا ھالىڭنى خۇشال ئەتمەككە مۇمكىنمۇ؟

پولات زەنجىر دېگەن يىپتۇر ئىشقىنىڭ رىشتى ئالدىدا،
چىتىقلىق يارغا رىشتىڭنى ئۈزۈۋەتمەككە مۇمكىنمۇ؟

چۈشەنكى، ھەممىگە شۈكران پېقىرمەن، تىلىدىم ھەقتىن،
كۆرەي مىڭ كۆز بىلەن يارنى، ئاشۇ مەقسەتكە مۇمكىنمۇ؟

خىيال پەرۋازىدىن تالدىم، ياياق يۈرمەككە نە ئىمكان،
قاناتسىز بەندىمەن ئايغا ئۇچۇپ يەتمەككە مۇمكىنمۇ؟

قوياش، ئايلارنى كۆرسەتتىڭ زېمىنغا ئايىماي تەڭرىم،
نىگارىم قايدىكىن ئېيتقىن، ئۇنى كۆرمەككە مۇمكىنمۇ؟

كۆرۈك، ھىجران دېغىدا قان يۈرەكتىن تامچىلاپ تۇرسا،
ئىشىم نالەش بىلەن كۈن ـ تۈن، يەنە كۈلمەككە مۇمكىنمۇ؟

ئازابتىن قىينىلىپ جانلار ئۆلۈشكە رازى بولغايمىش،
نىگارنى بىر قېتىم كۆرمەي ماڭا ئۆلمەككە مۇمكىنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈڭ ھەيرەتتىمەن، كۆڭلۈم مېنى ئىنسانمۇ سەن؟ دەرلەر،
نىدا، تەلقىنلىرىڭ دەريا ئىكەن، داستانمۇ سەن؟ دەرلەر.

كۆڭۈلنى پادىشاھ دەرمىش لېكىن ئىلكىڭدە قۇل بولدۇم،
تامامى شاھ ئارا ھۆكمى ۋەھى سۇلتانمۇ سەن؟ دەرلەر.

مېنى گاھ يەردە خەس ئەيلەپ يەنە كۆكلەرگە يەتكۈزدۈڭ،
ساياق، سەيياھلىقىم كىمدىن، زېمىن، ئاسمانمۇ؟ سەن دەرلەر.

شىكارغا قوغلىبان ھەر تۈن تەقىبتىن كەچمىدىڭ ئەسلا،
كۆزى تاڭلارغىچە بىدار يورۇق چولپانمۇ سەن؟ دەرلەر.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇشقا نە ھاجەت قانات-پەر بولسا ئاسماندىن جۇدا،
گۈلگە نە زىننەت نېسىپتۇر بولسا بوستاندىن جۇدا.

جۈت ئۇرۇپ گۈل سولسا، ئۆچسە رەڭ جۇلاسى، جىلۋىسى،
ئاشىقى بۇلبۇل شۇئان بولمامدۇ ئەپغاندىن جۇدا.

تۈن چىراغقا مەھلىيا، يانغاي چىراغ ئۆز ئىشقىدا،
يىغلىغاي شام تۈن ئۆنى قىلغاندا پەرۋاندىن جۇدا.

تاۋلىغاي دىل رىشتىنى مەشئۇم جۇدالىق تۈنلىرى،
بىداۋا ئاشىق ئەمەسكى بولسا ھىجراندىن جۇدا.

بەردىڭا يار دەردىنى، تارتاي ئۈنى مەن تامشىبان،
قىلمىغىن يارەب! تىلەي دەردمەننى دەرماندىن جۇدا.

دەرد بىرىپ دەرماننى بەرمەي ئەيلىمە نىمجان مىنى،
مەن بولاي ئۇنداقتا ھىجران، داغى دەۋراندىن جۇدا.

ئۆلمىكىم ۋايىم ئەمەسكى، شەۋكىتىم، بەختىم شۇدۇر،
ئول سەپەردە بىلمىسەم بولغاننى جاناندىن جۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ساقىيا مەي تۇتمىغىن، مەستمەن ھامان يار يادىدا،
يوق ماجال جامۇ قەدەھنى تۇتقۇدەك بىدادىدا.

لەيلىدىم، چۆكتۇم، ئۈزۈپ قاينامغا غەرق بولدۇم تالاي،
كۆزلىرىمدىن دەۋرىگەن قانۇ يېشىم زەردابىدا.

قاقشىغاچ جانىم پىراقتىن تەڭرىگە ئەرز ئەيلىبان،
نامە پۈتتۈم، كۆككە چاقماقتىن كۆگۈل پەريادىدا.

قانچە پازىل باغبانىنىڭ پەرۋىشى بەرسۇن كامال،
ئۈندىكى كۆركى سىياق يوقتۇر چىنار، شەمشادىدا.

كىم كۆرۈپتۇ قايسى ئاشىق قالدى قان يۇتماي ئامان
مەھلىيا بولغان گۈزەلنىڭ قاشۇ كۆز سەييادىدا.

ئاھ دېسەم ئالەم يېنىپ يەر ئۈستىدە بولمىش دوزاخ،
يانمىغان ئاتەش بۇ يەڭلىغ مەجنۇنى پەرھادىدا.

قەترە مەي يۇتماي ۋىسال جامى لىۋىدىن ئاھ، نىتەي،
خەنجىرى ھەلقۇمدا، جان قالدى ئىشق جاللاتىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەجەب باغلاندىما يارغا جۇدا بولماقلىقىم يوقتۇر،
پىراق دىشۋاردىن جاننى قۇتۇلدۇرماقلىقىم يوقتۇر.

بولۇپ ۋەسلىگە پەيۋەندە ئۆمۈرلۈك يارغا قۇل بولدۇم،
ئۆزۈمنى خار-زەبۇن چاغلاپ پىغان ئۇرماقلىقىم يوقتۇر.

ئۇڭا ھەر ئاندا خىزمەتتە، ئۇنىڭ ھەر جەبرىسى لەززەت،
تېنىم يايرايدۇ راھەتتە، نىدا قىلماقلىقىم يوقتۇر.

بېشىمدا سويلىغان قامچا چېچىنىڭ سۇمبۇلى يارنىڭ،
ئۇنىڭغا چىرمىشارمەنكى قېچىپ تۇرماقلىقىم يوقتۇر.

كۆڭۈل ئىشرەتتەدۇر بۇندا، كۆرۈپ قول، دېمىگىن زىنھار،
ئەگەر بەرسەڭمۇ شاھلىقنى ساڭا بارماقلىقىم يوقتۇر.

غۇچۇرلاتسا چىشنى يار ماڭا غەزەپ قىلىپ ھەردەم،
ناۋا ئۇ، ئۆزگە سازنىڭدىن ھوزۇر ئالماقلىقىم يوقتۇر.

تېنىم ئۇتكى، نەپەس يالقۇن، ئىشقىنىڭ تەپتىدە ياندىم،
يۇرۇپ دەشتلەردە گۈلشەنگە نەزەر سالماقلىقىم يوقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يوقلىدى كۆڭ ھەر سەھەردە، كەلمىدىڭ يار،كەلمىدىڭ،
قالدىڭىز قانداق خەتەردە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

مەنزىلىڭنى ھىدلىبان ماڭدىم يولۇڭغا باش ئېلىپ،
ئاي بىلەن چىقتىم سەپەرگە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

مەن ئۆزۈم ۋەيرانە دەك، غېرىب ئۆتەڭلەر چۆشكۈنى،
يايرىدىڭ قايسى شەھەردە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

قانچە ئاشىق يىغلىدى، ئەقلى ئاداشتى نەچچىنىڭ،
بىلدىما يۈردۈڭ زەپەردە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

سىنى تاپماقچۇن كىزەي ئالەمنى ئۆمرۈم يەتسە دەپ،
باغلىدىم بەلنى كەمەردە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

تىپىلار دۇررى ـ گۆھەر تەكتى دېڭىزدىن ئىزدىسە،
تاپمەن بولساڭ قەيەردە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

ياشىسام سەنسىز ئەگەر ھىجران دېغىدا ئۆرتىنىپ،
كۈن ئۆتەر ئوغلـزەھەردە، كەلمىدىڭ يار، كەلمىدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يار ئۆزگە كۆركىنى بەختى ـ سائادەت ئەيلىدى،
ھۆسنىنى قىلدى بالاكى ماڭا ئاپەت ئەيلىدى.

كۆيدۈرۈپ يالقۇن ئارا ئاندىن يېشىمدا سۇ چېچىپ،
ئۆچۈرۈپ ھەم ياندۇرۇشنى خۇلقى ئادەت ئەيلىدى.

نالىشىمدىن زوق ئالاركى ئۆزگە نەغمە ئاڭلىماس،
ئاھۇزارىمدىن كۈلۈپ جىلۋە، نازاكەت ئەيلىدى.

ئوۋچى باغلاپ بويىندىن چۆلدە كېيىكنى قىينىسا،
يار يۈرەكتىن باغلىبان سۆرەپ كارامەت ئەيلىدى.

لوقما ئىزدەپ، دەشت كېزىپ يۈرگەن ئاچۇزار بۆرىلەر،
ياش تۆكۈپ ھالىم ئۈچۈن ھەسرەتـنادامەت ئەيلىدى.

ئەسلىي زالىملىق گۈزەللەردىن ئۈدۇم، بەخشەندىمۇ،
چەكسە غەم ھالىمغا يىلپىز، يار پاراغەت ئەيلىدى.

قاي كۈنىكىن كەلدى ئۇ مېنى تاماشا قىلغىلى،
نەغەرەزدە كەلمىسۇن كۆردۈمكى، ئامەت ئەيلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىلسا گەر تەڭرى جۇدا بەندەم دېگەننى ياردىن،
تاغدا دەز، دەريادا ئوت، ئاسماندا چاقماق زاردىن.

بۇنچىلىك بولماس ئىدى ئايرىلغىنىغا شاھ، غەنى،
شانۇشەۋكەت، تەختى دەۋران، مالۇدۇنيا باردىن.

قايسى نەققاشنىڭ قولى چەككەن نەقىشكىن سورىما،
ئايمۇ ئالدى داغى ئەنداز ئىشقى ھىجران داغدىن.

غۇنچىنىڭ پەرگالى رەڭگى ئالدى قايدىن ئۆلگىنى،
ئالدى چاك ـ چاك دىلى زەرداب، باغرى قان مىڭ پاردىن.

تولغىنىپ ئاققان ئېقىنىنىڭ دەۋرىشىدىن ناللەر،
كېلىدۇ ھىجران قولى چەككەن يۈرەكنىڭ تارىدىن.

نائۈمىد بولغاندا ئاشىق جان ۋە ھىجراندىن جۇدا،
بولغىلى كۈتكەي ئۈمىدنى يار چېچىنىڭ دارىدىن.

تا ئەزەل ئاشىق ئۈچۈن ۋەسلى مۇرات ھاسىل ئەمەس،
كۆردۇما قۇرئىدا كۆرگەندەك پەلەكنىڭ كارىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەلمۈرەرمەن مەنزىلىم، مەشئەل، نىشانىم دەپ سېنى،
تۈندە مەھرەم ـ سىردىشىم، كۆكلەردە ماھىم دەپ سېنى.

جانۇتەن، پىكىر ـ خىيال ـ مەقسەت، مۇراد بىر سەن ئۈچۈن،
كەلدىما يىغلاپ جاھانغا قىبلىگاھىم دەپ سېنى.

سەن ھايات، مەنمۇ ھايات، ئىشقىڭ سائادەتتۇر ماڭا،
غەم ـ ئەلەملەرگە كۆلەرمەن دىل ئارامىم دەپ سېنى.

ئاقتىما ھىجرىڭدە كۈن ـ تۈن مەن بىدار دەريا كەبى،
ئۆيقۇدا سەل ئۇنتۇسام بولغاي گۇناھىم، دەپ سېنى.

نی كۆرەڭ خاقانۇ بەگلەر ئالدىدا باش ئەگمىدىم،
شانۇشەۋكەت ئالمىدە بىرلا شاھىم دەپ سېنى.

ئاقتى جانىنىڭ شەربىتى، كۆيدۇم ئوتۇڭدا شام بولۇپ،
ئۆچسە شامىم مەيلىغۇ ئۆچمەس چىراغىم دەپ سېنى.

يىغلىدىم چۆللەردە يالغۇز، ھەققە ئەرزىم ئېيتمىدىم،
تۇتمىسۇن مەھشەر كۈنى ئاھۇ پىغانىم دەپ سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈل ئېچىپ مىرگۈل زىنناخىڭدىن مېنى شاد ئەتمىدىڭ،
كۆزلىرىم ئاقتى لېكىن غەيرىينى ناشاد ئەتمىدىڭ.

ئاي بىلەن كۈننى قىياس قىلدىم سىياقىڭ دەپ ھامان،
گۆش، قېنىڭدىن دەرگۇمانمەن، مېنى بىر ياد ئەتمىدىڭ.

كىرپىكىڭنىڭ ئوقلىرىغا زارۇزار تەشنا ئىدىم،
كۆزلىرىڭنى مەن تامان بىر مەررە سەييىاد ئەتمىدىڭ.

كىم ئۈچۈن زاھىر ـ ئايانسەن، مەن ئۈچۈن پىنھان ئەجەب،
بىر كۆرۈپ ئۆلسەم دېسەم كۆركۈڭنى شەمشاد ئەتمىدىڭ.

كەزدىما دەشتى بالانى بولسا ئاشىق مەنچىدۇر،
بولمىدىڭ شېرىن ۋاپادا، مېنى پەرھاد ئەتمىدىڭ.

پەملىسەم، گەر سۆيسەڭا بىر پارتىلايدۇ بۇ يۈرەك،
ياكى شۇنداق بىر ئەمەلدە قەتلى بەرباد ئەتمىدىڭ.

جان بىلەن ھىجران ئېلىشتى، كەتتىڭۇ بەك ھالسىراپ،
مېنى يوق ئەيلەپ نىگار ھىجراننى ئازاد ئەتمىدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر قازا كەلدى ماڭا بۇنداق قازالار قايدىكىن،
ئوق ئاسانتى، ئوتتا ئۆرتەشتەك جازالار قايدىكىن؟

قاقشىبان جان ھەردەمى تەن قالتىراپ پەريادىدۇر،
چېھرىگە تەلمۈرتكۈزۈپ قىلغان سازالار قايدىكىن؟

دىلبىرىمگە كۆز سىلىپ بولدۇمغۇ ئەما ئاقىۋەت،
كۆزلىرىمدە ياشمۇ يوق، ئاقۇ قارالار قايدىكىن؟

لەۋنى دەپ چاڭقاپ لېۋىم چاك ـ چاك يىرىلدى دەشت كەبى،
ئاشىقى تەشناغا مەي بەرگەن پىدالار قايدىكىن؟

قامىتىنىڭ ھەيۋىتىدە پۈكلىنىپ بولدۇمغۇ يا،
رۇسلىنىپ يۆلەنگىلى تاغۇ قىيالار قايدىكىن؟

قەلبىمۇ ھۆسنىچىدۇر ھەم كۆڭلىمۇ ئاقتۇر دېسەم،
ئوخشىماي قالدى دەرىخ! يارۇ ۋاپالار قايدىكىن؟

ھەممىگە قادىر ئىگەم دەردىمگە قادىر بولمىدى،
بۇ قازامۇ يا جازا؟ مەلھەم داۋالار قايدىكىن. ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىگار سەنسىزلىكىمدىن كۆر، گويا دەشتتۇر جاھان سەنسىز،
قۇياش مۇزدەك، تولۇن ئاي يوق، شەپەق رەڭگى سامان سەنسىز.

تۆكۈپ يامغۇر، ساۋاب مۆلدۈر، بوراندا قالتىراپ تاغلار،
بولالماي قالدىغۇ ئالەم خىرامان، تىنچ ـ ئامان سەنسىز.

ئۈپۈقنىڭ لەۋلىرىدە قان، زېمىننىڭ تەكتىدە نالە،
قىيامەت پەسلىگە كىردى سۆيۈملۈك بۇ ماكان سەنسىز.

كۆزۈمدە جۈپ چېقىن ـ چاقماق، نەپەسنىڭ يالقۇنى ئۆرتەپ،
گۈلىستانلار باياۋاندۇر، ئۈنىڭدا يوق پايان سەنسىز.

كائىنات مۇڭدا يىغلايدۇ، يىراقتىن ئۇنلىسە كاككۇك،
ئۇنىڭ ئاھۇ پىغانىدا مېنىڭ ھالىم ئايان سەنسىز.

يېتەكلەپ تاڭنى، چولپاننى كېلەرسەنمۇ ئايا دىلبەر،
كۆزۈمگە تۈن نىقاب تارتتى غېمىدىن، كۈن قايان سەنسىز.

كاۋاك ئەيلەپ بېشىمغا ھەرىلەر يۈزلەپ كۆنەك تىزدى،
يىلان سويلايدۇ باغرىمدا، يۈرەكتە مىڭ چايان سەنسىز.

قىران بىر ئەر ئىدىم يارەب، تىلەكلەر جۇش ئۇرۇپ تۇرغان،
ئىشقىنىڭ داغىدا بولدۇم مادارسىز، ناتىۋان سەنسىز.

پىراقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم نامازىمغا كېلەرسەنمۇ،
ئىشەنكى، كەلمىسەڭ يارىم كۆزۈم ئوچۇق ھامان سەنسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىغلىغاي قان ـ قان قۇسۇپ بۇلبۇلمۇ گۈلنىڭ نازىغا،
ئېگىلەر سەرۋى، چىنارلار گۈلنىگار تەننازىغا.

كۆن قېشىدا ھېچقاچان ئاينىڭ كامالى بولمىغان،
ئول سەنەم پىنھان چېغىدا ئۆرلىگەي پەرۋازىغا.

كۆن دېسە يەر ئۆزرەدۇر، ئاي دەي دېسە ئايدىن گۈزەل،
گۈل دېسە سۆزلەيدۇ ئۇ، كەتمەس سۇمۇ پەردازىغا.

يۈز تەۋەززۇ ئېھتىرام، ھۆرمەتتە ھۆرلەر ئېلىدىن،
ئەلچىلەر كەپتۇ تىلەپ يار ھۆسنىنىڭ ئەندازىغا.

مەن نىتەي كۆيمەي، پىغان ئۆرسام نىگار دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
قىلدى گۈل تەزىم، پىسەنت قىلمايكى بۇلبۇل سازىغا.

بارمىكىن ئاشىق بولۇپ ياردىن ۋىسال تاپقان كىشى،
بولسىدى، بولسام ئىدى مۇخلىس ئىشق ئۇستازىغا.

تۈندە يالغۇز تۇرنىمەن، ئۈچتۇم، يولۇمدىن ئازدىما،
قايدا مەنزىل، يەتكۈزەر ھەق مىنى قۇرئەندازىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۆلدە قالسام باغدىمەن، ئىشقىڭ گۇلىستانىم مېنىڭ،
سەن قۇياشىم، بولمىساڭ يازمۇ زىمىستانىم مېنىڭ.

نۇرى جىلۋەڭ بەرقىدىن پەيداكى جەننەت ھەردەمى،
قەھرى قىلساڭ گەر ماڭا ئالەم گۆرىستانىم مېنىڭ.

ئەيلىدىم بەند مەن سېنى قەلبىم قېتىغا ئەي نىگار،
كېتىشىڭدىن قىلچە يوق تەشۋىشكە پەرۋايىم مېنىڭ.

كەتكىنى غەيرىي ۋۇجۇدكى، قالغىنى تەن جەۋھىرىڭ،
دىلخانامنىڭ ئەڭ ئەزىزى — تۆردە مېھمانىم مېنىڭ.

سېنى دەپ كەلدىم جاھانغا، ئۆزگە يوق ھېچ ئارمىنىم،
سۆيگۈدىن بولسا كۆرەك مەشئەلكى ۋاھـئاھىم مېنىڭ.

دەشتتە يات كۆزدىن يىراق يۈردۈم خىيالىڭ كەيپىدە،
چاچلىرىڭ، قاش ـ كىرپىكىڭنىڭ بەھرى بوستانىم مېنىڭ.

تەلقىنىم نامىڭ سېنىڭ، كەلمەيدۇ تىلغا باشقا سۆز،
كۈنۈتۈن شۇ بىرلا كۈي ئىزھارى داستانىم مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆتتۈڭ دىلرابا، چىقتىڭ تامام ئەس ـ يادىمدىن،
كەتمىدىم ئاچ قۇش كەبى ئەپسۇس ئۆتكەن ــ دامىدىن.

ئاي بىلەن كۈندىن ئەسەر يوق، تۈنمۇ تۈن، كۈندۈزمۇ تۈن،
قايتمەن، يىل ئۆتتى قانچە بىلمىدىم ھىجرانىدىن.

ئۆتتۈڭ ئاشىقلىقىم، تۇتقۇنلۇقىمنى نى زامان،
ئۇ ئۆتۈپتى، كىم ئازاد قىلغاي مېنى زىندانىدىن.

نى گۇناھكار مۆھلىتى توشقاي زالىم شاھ ئالدىدا،
قاي گۇناھچۈن يوق ماڭا ھۆرلۈك ئۆتۈنۈش بىدادىدىن.

قاش كامانىدىن چىقاركى سەپ تۈزۈپ كىرپىك ئوقى،
سىلكىنەر ئالەم شۇ ئوق تەگكەن جۇنۇن پەريادىدىن.

بىر گۈزەلگە مۇپتىلا بولدۇڭ بېشىڭدا مىڭ بالا،
كىم قېچىپ قالغان ئامان بۇندا پىراق سەييادىدىن.

كېلىدۇ باغرىمنى قىر ـ چاپ قىلغىلى ئىشقىدا تىغ،
نەچچە ئاشىق قەتلە بولغان لەشكىرى بارگاھىدىن.

بىلىسىڭىز ئاپەت ئىكەن قەددى چىنارۇ سەرۋىلەر،
قۇش قاناتى كۆيگۈدەك ئۆتسە ئۇچۇپ دەرگاھىدىن.

كۆكتىكى چاقماق ئەمەس «سالما گۈزەللەرگە نەزەر»
دەپ يېزىلغان خەتكى ئۇ داغلىق يۈرەكىم ئاھىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇياشقا تەلمۈرەرمەنكى قىيالماي تاغقا پاتقۇنچە،
ماڭا سىرداش بولۇر چولپان بىلەن ئايمۇ تاڭاتقۇنچە.

ئۇزۇن تۈنلەردە ئۇخلاتماي ئاشۇنداق قىيىندى ھىجران،
تۇمانلار ئاستىغا تاغلار چۆكۈپ ئۇيقۇدا ياتقۇنچە.

ۋاپاغا دوست بېخىل چىقتى، رەقىبنىڭ رەنجىنى دەيمۇ،
مېنى ئۆلتۈرگىلى يارىم گۈزەل بولغايمىدى شۇنچە.

بولۇر ۋولقاندا تاغ تالقان، ۋۇجۇدۇم ماگمىدۇر ئوتتا،
ئەمەس دەپ بوپتىمەن غاپىل ئىشقىنىڭ شىددىتى بۇنچە.

يۇرەكىم پارىسىن قۇشلار چوقۇپ شاخلارغا سانجىپتۇ،
كۆرۈڭ، بۇندا ئېچىلمىشتۇر گويا ھەر شاختا بىر غۇنچە.

جۇدالىق ئىزدىبان دەردتىن كۆتۈردۇم جامۇجام مەينى،
گويا قاندىن ئېچىلغاندەك كۆرۈڭ چېھرىم قىزارغۇنچە.

ئىشق شۇنداقمىدى تەڭرىم، بىلەلمەي قاپتىمەن ياپىر!
جېنىمنى قايتۇرۇپ ئويناپ يەنە ھەم ئالدىغۇ قانچە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەندە بار چىھرى، نازاكەت، جىلۋىلەر ئادەمدە يوق،
ئادىمى بولمايدۇ سەنچە، كۆللىھى ئالەمدە يوق.

سەن ئۆچۈن قىلدىم پىدا بارى ــ يوقۇمنى دىلبىرىم،
مەندە بار بۇنچە سېخىيلىق شۆھرىتى ھاتەمدە يوق.

كەتتىڭا، قالدىمكى يالغۇز، مەندىكى مۈلك ــ زار، ئازاب،
جانلىرى قىرغىندا ئۆلگەن يۇرتتىكى ماتەمدە يوق.

شاھ ئەيىبسىزدۇر گادايىنىڭ ئالدىدا سوت يوق ئاڭا،
ھۆسنىچۈن چەكتىم نىدا، رەنجى پەقەت نالەمدە يوق.

چاڭقىغاي چۆلدىكى تەشنا سۇ خىيال قىلغانسېرى،
ئول نىگار قەلبىمدىدۇر، مۇڭ چۇلغىغان خانەمدە يوق.

ئۇچسىما پەرۋاز بىلەن يارىمغا يەتسەم پەر قېقىپ،
ۋادەرىخ! پەردىكى خىسلەت بۇ ئېغىر پايەمدە يوق.

ئۆلسە كىم يار داغىدا قىلدىم زىيارەت قەبرىنى،
ياسىدىم قەبرەمنى ھەم ماتەمدىمەن، ئايەمدە يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىمدە باركى سەندە بار بۇ سەرۋى قامەت دىلبىرىم،
قامىتىڭگە ئەيلىدىمغۇ ئىستىقامەت دىلبىرىم.

گەر نەزەرىم چۈشسە ئۆزگە بىر چىنارغا مەن ئۆلەي،
بولغۇسى ئۇ ئىككى ئالەملىك خىيانەت دىلبىرىم.

نە خىيانەتكى كەچۈرمەس يەرۇ ئاسمان ھېچقاچان،
ئادىمدە بولمىغاي بۇنداق جىنايەت دىلبىرىم.

سۆيگۈنىڭ شەنىگە چۈشسە گەر خىيانەتتىن ئاياغ،
بولىدۇ يەر چىرقىراپ شۇنداق ئالامەت دىلبىرىم.

نە ئالامەت، تۆردە چوشقا، ئىت، مۈشۈكلەر بەزمىدە،
بەندىلەردە قالمىغاي ئىنساب، دىيانەت، دىلبىرىم.

ياشىماق بولدى ئادا دە، يوق ھاياتلىقتىن نىشان،
ئاندىن ئارتۇق بولمىغاي بۇندا قىيامەت دىلبىرىم.

ئۆلمىكىم ئەۋزەلكى ئۇ قىسمەتنى كۆرسەتسە خۇدا،
قىل ۋاپا، قان يىغلىبان چەكمەي نادامەت دىلبىرىم.

تاغدا يالغۇز تىك قىيا، چۆلدە يېگانە گۈل كەبى،
بول ۋاپانىڭ مەشئىلى، كۆرسەت كارامەت دىلبىرىم.

كۈندە بىر رەت ئەسلىسەڭ يەتكەي ۋىسالىڭ باغرىما،
مەن پىراقىڭدا ئۆلەي، بولغىن سالامەت دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆچرىدى مەنزىل، نىشانسىز، بىماكان سەرسانلەر،
مېنىمۇ ئالدى ئاراغا باغرى كەڭ بىچارىلەر.

دەردلىششپ چۆللەر ئارا قىلدى جاھاننى قاپقارا،
كۆرسە جاللاتمۇ كۆزىگە ياش ئالار ئاۋارىلەر.

چۆلدە كۈننىڭ تەپتىدىن سالدىم تونۇمنى نائىلاج،
يىغلىدى ھەمراھلىرىم ھالىم ئۈچۈن قىپ نالىلەر.

مەن ئۆزۈممۇ بايقىماي يۈرگەن ئىكەنمەنغۇ تىرىك،
قالدىما ھەيران، يۈرەك ـ باغرىم ئىكەن مىڭ پارىلەر.

نان بېرىپ سائىل گادايغا ئالغىنىدەك بىر ساۋاب،
قوشقا توئىمە، قۇرت ماكانى بولدىغۇ بۇ يارىلەر.

نە قىلايكى يار ـ جانانسىز جان بىلەن بۇ تەننى مەن،
بار ئىدى ئەسلي ياشاشقا بۇ جاھاندا چارىلەر.

قايسى مەخلۇقتۇر بۇ دەپ قالدى ئىشەنمەي ئەھلى يۇرت،
باشقا ئالەمدىنمۇ كەلدى كۆرگىلى سەييارىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

جانغا ئەڭ زۇلمى ـ بىدادنى داغى ھىجراندىن كۆرۈڭ،
دوۋزىخى ۋەيلۇننى يارسىز كۆلبەـزىنداندىن كۆرۈڭ.

دېمىگىز ئوچۇق ھاۋادا قايدا چاقماق شىددىتى،
كۆك ئەمەس باغرىمدا يانغان نالە ئەپغاندىن كۆرۈڭ.

بولمىگىز يامغۇر ـ يېشىنسىز كەلسە سەل ھەيرانۇھەس،
كۆزلىرىمدىن لەختە ـ لەختە دەۋرىگەن قاندىن كۆرۈڭ.

نى غەيۇر شاھزادىلەرمۇ باغرى قان قۇل دەيسىزا،
سىز يولۇقماڭ، بۇ بالانى كۆزى چولپاندىن كۆرۈڭ.

نە ئۈچۈن قاغ بۇلبۇلى تۇتقۇن ـ قەپەسكە مۇپتىلا،
ئالدىغا چۈشكەن ئېزىتقۇ تۆئىمىدىن ـ داندىن كۆرۈڭ.

يار دىبان چاڭقاپ ۋىسال جامىغا بىر لەۋ ئۇرمىغان،
بەندىنى مەندەك جۇنۇن، خام كاللا ناداندىن كۆرۈڭ.

بولسىڭىز بىلمەك پىراقنىڭ ئاپىتى ۋەيرانىنى،
قاغا ـ قۇزغۇندىن ئېشىپ چۆللەردە قالغاندىن كۆرۈڭ.

يىقىسام بىر كۆزنى دېمىكى، ئانىگە بۇ جاھان كېرەك،
جانى جان قىلىق ئۈچۈن بۇ جاھانغا جاھان كېرەك.

گۈل ئېچىلىش تەگىدا بۇلبۇل نالىسىدىن رەڭ ئېلىپ،
گۈل تەكرار گۈزەللىك ئاچماق ئۈچۈن زارى كېرەك.

مىڭ قېتىم ئۆلە چېكىتۈرمىتۇر بىر قېتىملىق جېنىغا،
يېقىلىن مەنكۈم دېگىن: جاھالەتتا يېرىلىش كېرەك.

بىرگىلى بىرلىكتى كۆزلىكى تىلسىم ھەقتىن قۇۋۋەت،
يېقىلى ئېرىمەك تىكىرتا تەتاۋاز ھالىم كېرەك.

پەستە داد ئېيتسا گاداي، شاھ بىنەزەردۇر تەختىدە،
يارغا نالاپ، تىزلىنىپ قوللارچە ئىزھارىم كېرەك.

قەستى جان ئالماق ئەمەسكى، يىغلىسام ئۇ كۆلگۈدەك،
نازى بىرلە شادلىقغا داغى ھىجرانىم كېرەك.

كىرسىدى شېرىن سىياقىقا ئول نىگار بەختىم ئۈچۈن،
يېرىلىپ كەتكەي يۈرەك ئۇ دېسە «پەرھادىم كېرەك».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كېچىبان بارى يوقۇمدىن غېرىبى بىماكان بولدۇم،
دىيارۇ خانۇمان قايدا؟ ئەجەب تەركىجاھان بولدۇم.

بولۇپ سەرسان، كېزىپ ئالەم، نىگارىم ۋەسلىنى ئىزدەپ،
مېھرگە زار تۇرۇپ ئەل ئالدىدا نامېھرىبان بولدۇم.

ئاشۇ نامېھرىبانلىقنىڭ جازاسى يەتتى جانىمغا،
نىتەيكى، ئول گۈزەلنىڭ ئۇقلرىغا نام ـ نىشان بولدۇم.

ئۇ يەڭلىغ ئوققا دۇچ ھەر جان سەپەر قىلماسمىدى كەلمەس،
تېنىم بارۇ جېنىم قايدا؟ بىلەلمەي دەرگۇمان بولدۇم.

ساپالىم دەزىدىن مەي تامچىغاندەك تامچىلاپ جانىم،
نە بولدى قىسمىتىم كۈن-تۈنسىرى بەك ناتاۋان بولدۇم.

جىمى قۇش قوۋمىغا ئورمان بىلەن تاغ ئاشىيان بولسا،
كۆرۈڭ، ئىنسان تۇرۇپ دەردلەر قۇشىغا ئاشىيان بولدۇم.

ئەجەبكى، بالخۇمار ئىنسان بېرەركەن مۇچقىمۇ مەيلىن،
دېدىمكى مەرھابا! ھەسرەتلىرىمگە مېھرىبان بولدۇم.

يېتەلمەي ۋەسلىگە ئەمدى خىيالىدىن ئېلىپ لەززەت،
ئۇنىڭ يادى بىلەن شادلىق تېپىپ ئاھ، نەۋقىران بولدۇم.

ۋىسالىدىنمۇ لەزىزكەن ئەسلىدە ھىجران دېگەن بىلسەم،
تۈمەن غەم لەشكىرى كەلسە باھادىر پەھلىۋان بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوتقا سۇ پۈركۈپ ئۆچۈر، كۆيمەسكە بار ئىمكان دېمە،
كۆز يېشىمدىن ئوت ياناركى، سەن ئۇنى يالغان دېمە.

مەنمۇ ھەيرانمەن، يېشىممۇ سۇ ئىدىغۇ ئەسلىدە،
ياشلىرىم تامغانلا يەردە بىر لاۋا، ۋولقان دېمە.

ئاھ! دېسەم ئالەمدە يانغىن، ياشلىرىمدا ئوت ئېقىن،
كۆرسە گەر ئوت تەڭرىسىنى بولمىغاي ھەيران دېمە.

ئەي گۈزەللىك لەۋلىرىمۇ، مەڭزىمۇ ئوتتەك قىزىل،
تۈنگە زىننەتتۇر چىراغمۇ، ئوت قىلۇر ۋەيران دېمە.

ئاڭلسام يارىم ئۇچۇپ چەكسىز ئۇپۇقتىن كەلگۈدەك،
بالقىغاندا چېھرىدىن نۇر تاڭدىكى چولپان دېمە.

قايىنغان ھەر قەترە ياشىم چۆلدە قالغان چوغ بولۇپ،
ئۇندا چۇغلۇقلار ئېچىلغان چۆلدىكى گۈلخان دېمە.

يار پىراقى قىلدى ئوت، ئۆچمەسكە يانماق ئىستىدىم،
زاتى ئىنسانمەن ئەزەل، ئوتتىن بىنا بولغان دېمە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولدۇما ئەسرارى دىلكەش، مەھرەمى ئۈلپەتكە زار،
شېئىردەك رەڭدار، كۈيى مۇڭلۇق، ئەزىم سۆھبەتكە زار.

ياخشى ئۈلپەت سۆھبىتى مىسكىن كۆڭۈلگە نۇر-زىيا،
قالسا زۇلمەتتە زەبۇن بولمامدۇ نۇر، رىغبەتكە زار.

دەردكە مەھكۇملار ئەزەل بولغاچ جاھاندا پايمال،
بولدۇ تەشنا سۇغا بولغان كەبى ئىززەتكە زار.

ئىزدىدىم يالغۇزسىراپ، ھەر ئاندا دوستقا زارىقىپ،
تاپقىنىم بوپ چىقتىكى، دوستتىن بىزار، شۆھرەتكە زار.

بولدى سۆيگۈمگە كۈشەندە سۆيگۈسىز گۇمرانىلەر،
نە ئەجەب، ھۇۋقۇش بىزار كۈن نۇرىدىن، زۇلمەتكە زار.

دەيدىكەن، كەلمەس گۈزەللەردىن ۋاپا، ئەل دەرگۇمان،
مەنمۇ ھەم يار چېھرىدىن قەلبىدىكى زىننەتكە زار.

بۋاپالار رەنجىدىن تاغلاردىمۇ ھالى - دەرد ئىزى،
مەن نىگارىمدىن شېرىنمۇ، لەيلىدەك خىسلەتكە زار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر بۈيۈك سۈرەت ئېرۇرسەن قاشلىرىڭ مېھرابىدا،
پۈكلىنىپ قىلدىمكى سەجدە مەن پىراقىڭ داغىدا.

سەن تاۋاپگاھىم مېنىڭ، كاشكى ماڭا سەن بىنەزەر،
گەر قايان ئۈتسەڭ قىچىپ قىلدىم شۇ يانغا ئىقتىدا.

ئاي خىجالەت بولدىكى ھۆسنىدىكى شەك ـ داغىدىن،
سەندىكى ئوت، شۇ جەزىب بولغايمۇ ئىنسان زاتىدا.

يىغلىدىمكى كۈنۈتۈن، ھەر تامچە ياشتا سەن ئايان،
بولمىغانكى مەنچىلىك پەرھادمۇ شېرىن ئاھىدا.

مۇپتىلالىق رەنجىنى مەندىن كۆرۈڭكى يىغلىماي،
قان، يىرىك، زەرداب پەۋەس باغرىمدىكى دەرد غارىدا.

بولمىغىز ھەرگىز گۆزەلگە مۇپتىلا ئەھلى جاھان،
دەپ پەلەكتىن كەلدىغۇ ھەرئان ۋەھدەك بىر سادا.

كىمكى بۇنداق مۇپتىلالىقتىن جۇدالىق ئىزدىسە،
بولمىغاي زىنھار مۇمكىن بولمىسا جاندىن جۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەجەب كۆرسەتمىدىڭ ھەممەت ساڭا شۇنچە ۋاپا قىلسام،
ئىگەم ئاڭلارمۇ ئەرزىمنى ئۇڭا يىغلاپ داۋا قىلسام.

تىلەيكى، بىر تەبەسسۇم قىل، كۆرەي  تۇن كۆكسىدە كۈننى،
سۆيەرسەنمۇ، لېۋىڭگە يار جېنىمنى مىڭ پىدا قىلسام.

ئاشۇ نۇرلۇق كۈنۈم بەختى يېتىپ ئاشقايكى ئۆمرۈمدىن،
بولايكى دوزىخى مىڭ رەت، ساڭا بىر رەت جاپا قىلسام.

ئۇچۇپ ئۆتكەندە بىر تۇرنا سامادىن جۈپتىنى ئىزدەپ،
ئايان بولغايمىكىن قەلئەڭ ئۇنى گەر رەھنەما قىلسام.

ئەيىبكار بەندىمەن غاپىل، گۇناھىم مەغپىرەت بولغاي،
قېشىڭنى ئەيلىبان مېھراب، ئۆزۈڭنى باشپاناھ قىلسام.

ئادا بولغاي ئىدى يارەب پۈتۈن ئىككى جاھان قەرزىم،
بەدەل قىپ جاننى نى مۈشكۈل تىلەكىڭنى راۋا قىلسام.

بېشىمغا قوندى بۇلبۇلمۇ، ئېقىشتىن توختىدى دەريا،
لېكىن سەن قىلمىدىڭ پەرۋا قۇسۇپ قان ـ قان ناۋا قىلسام.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىم ئىشقىنىڭ بەرقىدىن نۇرلار تاراتقان مەن كەبى،
ھەم يۈرەكتىن تۆنگە كىم مەشئەل يورۇتقان مەن كەبى.

مۇپتىلا بوپ دەردىگە بولماي مۇيەسسەر ۋەسلىگە،
كىمكى مەجنۇنلۇقنى مەشھۇر بوپ تونۇتقان مەن كەبى.

يۇتسا قاينام ئول ۋۇجۇد بولغاي لەھەڭنىڭ لوقمىسى،
قاي لەھەڭ ئالەمشۇمۇل دەردلەرنى يۇتقان مەن كەبى.

ھەممىنى يۇتتۇمكى، يۇتماق بولدى مۇشكۇل يار غېمى،
باشقا ئالەم غەملىرىن كىملەر ئۇنۇتقان مەن كەبى.

بىر بۈيۈك تەخت ئۈزرە ئاشىق، چىن ۋاپاسى سەلتەنەت.
ئول ۋاپانىڭ تۇغىنى يوقتۇركى تۇتقان مەن كەبى.

بولمىغايكى ھېچكىمى مەندەك بالاغا مۇپتىلا،
ئۇ بالانى بولمىغان سۆيگۈمدە ئۇتقان مەن كەبى.

غەرق ئەيلەپ ھەممىنى كۆز ياش قىيانى مەۋجىدە،
ئول سەلەبنى ئاھىدا كىممۇ قۇرۇتقان مەن كەبى.

كۆرگىلى كۆز چاقنىغاي جىلۋەگىدىكى نۇر بەرقىنى،
بىلمىدىم ھۆسنۈڭدىكى ئىنسانۇ ھۆرلەر پەرقىنى.

ئاچمىغان بولسام جاھانغا كۆز، سېنى كۆرمەس ئىدىم،
كۆردۈما، قانداق قىلاي كۆز ياشلىرىمنىڭ غەرقىنى.

بىر جاھاندا سەن بىلەن بولدۇم جاھانداش، بەختىما،
ئۆلچىدىمكى سەن بىلەنلا بۇ جاھاننىڭ نەرقىنى.

تەڭرى سالغانكى نەزەرنى بۇ زېمىنغا سەن بىلەن،
تۇندىمۇ سەندەك قۇياشى بار بۇنىڭدەك يەر قېنى؟

قەلبى كور گۇمراھى شاھنىڭ خەزىنىسىدە زەر پەۋەس،
لېك ئۇنىڭ ئىلكىدە تاش بارۇ سىنىگدەك زەر قېنى؟

كىم يېتەر زەر قەدرىگە، يەتمەككە زەردەك ئەر كېرەك،
سەن ئۈچۈن جاننى پىدا قىلماقدا مەندەك ئەر قېنى؟

ئىزدىدىم ئۆمرى جاھان يۇلتۇز كېزىپ ئاسمان ئارا،
تاپمىدىم ئۇندىن بىراق سەندەك كۆزى ئەختەر قېنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىلاي دەپ بۇ كۆڭۈلنى شاد جېنىمنى قىينىدىم ھەردەم،
كۆڭۈلنىڭ زۇلمىدىن قاقشاپ ماڭا يىغلار جېنىم ھەردەم.

جېنىمدىن يا كۆڭۈلنىڭ قايسىدىن كەچمەككە باش قاتسا،
ئۇنى ئاز دەپ كۆزۈمدىن توختىماي ئاقتى قېنىم ھەردەم.

قۇياش كۈندۈزدە، ئاي تۈندە، دىدارى تاڭدا چولپاننىڭ،
خىيالىم كۆكتە ئول يار قۇياش، ئاي، چولپىنىم ھەردەم.

مېنىڭ بۇ ناتاۋان ھالىم نىگارنىڭ يادىغا يەتمەس،
لېكىن ئۇ باغرى تاش قەلبىم تۆرىدە مېھمىنىم ھەردەم.

چېچەكلىكى گۈل غازال يېشىل تۈنى ئۆچكەنلىكى بولىۋاتسا،
لېكىن مېنى ياز ۋە قىشى كۆرۈنگەن ئىنكار ئەتمەي يېشىلىدىم ھەردەم،

ئۇ ئاشنا ۋە قىسمى سىياسىي كۆرۈنگەنلىكى ئىس ئېيتقان خام كۆڭلى،
ئىپىسىنى ئالىمشاھىمن ئەتمەي تۈنى ئەزىلە قىلىنىدىم ھەردەم،

ئىيىم ئاپپاق، جىسمىم ئاپپاق، ياللامىز ئۇ گۈزەللىك ئاپپاق،
ئەرزىم گۈزەللىكنىڭ ئۈلگىسى، ئىنكارسىز يېشىلىدىم ھەردەم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نتەي يارەن، يۈرەكنى ئۆرتىگەن يار داغىنى دەيمۇ،
مېنى كۆل قىلمىقى قەستى، زۇلۇم-بىدادىنى دەيمۇ.

ۋۇجۇدۇم ئوت، تونۇمنىڭ ئىچ - تېشى يالقۇندا سارغايدى،
غازان پەسلى ئەمەستى بۇ يۈزۈم ياپراغىنى دەيمۇ.

ئەسەر يوق نۇر - زىيادىن بىلمىدىم ۋەيلۇنمۇ بۇ خانام،
لېكىن ئۆچمەيدىغان يارنىڭ خىيال چىراغىنى دەيمۇ.

يانارمەن مەنمۇ بىر شامدەك نۇرۇمدىن مۇڭلىنار كۆلبەم،
يوچۇقتىن يىغلىبان كىرگەن سېرىق پەرۋاننى دەيمۇ.

ئېقىپ يورۇق تاپاندىن قان نىگار دەپ چۆلنى كەزگەندە،
پۇتۇمغا كىيدۇرۇپ قويغان يىلان قاسراغىنى دەيمۇ.

مېنى ئالۋۇن بولۇپ ئازدۇردىغۇ چۆللەردە بىر مەنزىل،
يىراقلاردىن كۆرۈنگەن شۇ ۋىسالىنىڭ باغىنى دەيمۇ.

كۆرەيكى ھەممىنى تەڭرىم، مېنىڭدەك كۆرمىسۇن ھېچكىم،
قىيامەت دەھشتى سالغان جۇدالىق تاغىنى دەيمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەن گادايى، يار پادىشاھ كۆرمەككە ھىممەت بولمىدى،
مەندە ئول يار ئالدىدا مىسقالچە قىممەت بولمىدى.

دەم چۈشۈپ، باغرىم يېقىپ چوغدەك ئىزىنى سۈيدۈما،
ئۇندىن ئۆزگە زەررەئى ئىستەككە رىغبەت بولمىدى.

ئىشق دېگەن ئاشىق جۇلاسى ئىدىغۇ بىلسەم ئەزەل،
بولدىكى نۇقسان ماڭا ئۇ جىلۋە، زىننەت بولمىدى.

مەھلىيالىق بىلسىڭىز مەھكۇم، زەبۇنلۇق تامغىسى،
تەلۋە ئاشىقمەن، پېقىرلىق ماڭا ئىبرەت بولمىدى.

مۆلك بېرىپ تەلقىن بىلەن ئاھ، يىغلىسام يار ئىزدىبان،
ئەلنى كەزدىم، كۆلدى ئەل، مۆكلاردا سەنئەت بولمىدى.

نەپسى غالىبلارغا لوقما، تۆئىملەر جان راھىتى،
ماڭا يارسىز مەئىشەت، نېمەتتە لەززەت بولمىدى.

ھەمىسىنىم ئالتۇنغا لىقتەك دىل پەۋەس يار يادىدا،
ئۆرتىسمۇ ئىشقى پۇشمان، داغى ھەسرەت بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆيدى ئوت-ئاتەشتە بارىم، قالغىنى يار يادىدۇر،
يادى ھىجران تىغىدۇركى يۈرىكىم مىڭ پارىدۇر.

پارە بولغان بۇ يۈرەكلا دېمىگىز تاغلاردا دەز،
لەرزىگە تاغلارنى سالغان مەن جۇنۇن پەريادىدۇر.

سىلكىنىپ ئەھلى - مەھەللە «تەۋرىدى يەر» دەر ئىمىش،
ئۆلگىنى ئۇخلاپتۇ جىمجىت، قالمىشى بىدارىدۇر.

نېمىگە پەرياد چېكەرسەن دەپ تەئەددى ئەيلىمەڭ،
نى بوۋايلارنى بىھوش قىلغان بويى شەمشادىدۇر.

مەرد، باھادىرلار چۆكۈپ تىز چۈشتى ئەل بوپ ئۆلجىغا،
يەڭگۈچى غالىب بىلىڭكى ئول ئىشق سەييادىدۇر.

مېنى ھېچكىم تونۇماس بولدى، ئۆزۈمنى «كىم؟» دېدىم،
ۋەجى شۇ يارنىڭ زارىققان بىنېسىپ دىدارىدۇر.

شۈكرىكىم، ئۆلمەي تىرىك يۈرسەم دېيىشتى ئەل مېنى،
قاي گۈزەلنىڭ مەجنۇنى بۇ، قايسى ئەل پەرھادىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بار كىمىم سەندىن بۆلەك يادىڭ بىلەن ئۆلپەتتىمەن،
كۆن پېتىپ تا تاڭغىچە مۇڭلاردا مەست سۆھبەتتىمەن.

ئاي بىلەن كۆنگە نېسىپ بولمايدۇ دىدار بۇنچىلىك،
شۇل دەمى يەكدا جاھاننىڭ شاھىمەن، نۇسرەتتىمەن.

ئويغىنىپ چۆشتىن ئەگەر بولسام يەنە سەنسىز غېرىب،
نە غېرىب ئالەم هارام، ۋەيلۇندىكى دەھشەتتىمەن.

سۇ سېپىپ كەلمىش يولۇڭغا ھەم پاياندازىڭ بولۇپ،
ئېگىلىپ قۇلدەك يەنە پايەگدىمەن، خىزمەتتىمەن.

سەن جاھاننىڭ كۆركىمغۇ قىلغىن قۇياشتەك تەنتەنە،
ئەل ھەزىل قىلغاي مېنى ھالىم بىزەپ خىلۋەتتىمەن.

ياخشى چۈش كۆرسە كۆلۈپ ئويغانمىقى بار ئۇيقۇدىن،
ھەرقاچان يادىمدا سەن، ئىشقىڭ بىلەن رىغبەتتىمەن.

بىر قېتىم ئەسلەپ مېنى ئاشىقلىقمنى بىلسىڭا،
گويىيا ۋەسلىڭ قۇچۇپ يايراپ كۆڭۈل ئىشرەتتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆيدۈما، كۆيدۈردۈڭا، سۆيدۈرمىدىڭ، لەۋسىزمىدىڭ؟
سەن دىلىمدا كۈنۈتۈن، ھېچ كۆرمىدىم، تەنسىزمىدىڭ؟

قاچتىڭا شۈنچە يىراق، زىنھار ئەيىبسىز بەندە يوق،
بىلمىدىم، ھۆسنۈڭ گۈزەل بولغان بىلەن تەمسىزمىدىڭ؟

چۈشىدۈ پەسكە ھامان لاچىنمۇ پەرۋازدىن تېلىپ،
ئەي مۇئەللەق بەندىسى پۈت قويغۇدەك يەرسىزمىدىڭ؟

دەردى يوق دەرد كۆرمىگەن دەردمەننى ئەرمەك قىلغۇدەك،
دەردلىرىمگە كۈلدۈڭا، ئىنسان تۈرۈپ دەردسىزمىدىڭ؟

تىك قىيالاردا بۇلاق، ئادەم دېگەن يىغلايدىغۇ،
كۆزلىرىڭدە ئوت پەقەت، قاقشال ۋۇجۇد نەمسىزمىدىڭ؟

تىغ ئۇرۇشنىڭ ئالدىدا جاللاتمۇ تەڭلىك تارتىدۇ،
سەن كۈلەرسەن تىغ ئۇرۇپ، جاللاتقا پىر، تەڭسىزمىدىڭ؟

قىينىماق بولدۇڭ مېنى ئۆرتەپ خۇمارىڭ باسقىلى،
تەن ئەمەس ھىجراندا لەززەت، شۇنچىلىك پەمسىزمىدىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىركى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ھۆسنچۇن خۇي ـ پەيلىنى بىلمەيلا ئادەم دەپتىمەن،
چېھرىدىن مېھرى زىيادە، جەۋرىسى كەم دەپتىمەن.

بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىدا بەختىم قۇشى پەرۋازدىغۇ،
يوق ماڭا دىشۋار، ئازار كەلمەس يېقىن غەم دەپتىمەن.

گاھ سۇدا، گاھ ئوتتا ئۆتكەچ دەردكە ئاشنا كۆنلىرىم،
دىلكىشىمدۇر ھەرقاچان، ئەسرارى-مەھرەم دەپتىمەن.

ئازدۇرۇپ ئالۋۇن كىيىكنى چۆلدە تەشنا ئۆلتۈرەر،
كۆرمىگەيمەن ئول نىگاردىن بۇنچە بەرھەم دەپتىمەن.

ئېرىتىپ ئىشقى يۈرەكنى ئاقسا كۆزدىن تامچىسى،
بايقىماي يار سوۋغىسى — مارجانۇ، شەبنەم دەپتىمەن.

ياش نېمە، كەتتى بېغىر، تولغاندا زەرداب لەختىلەپ،
بولدى جەرراھ، سۈرتتى يار باغرىمغا مەلھەم دەپتىمەن.

تەندە ساق يەر قالمىغاندا يەنە سەرپاي نە كېرەك؟
بولمىغايمەن بۇ كەبى رەسۋايىئالەم دەپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چۆلدە قالسام باغدىمەن، ئىشقىڭ گۈلستانىم مېنىڭ،
سەن قۇياشىم، بولمىساڭ يازمۇ زىمىستانىم مېنىڭ.

نۇرى جىلۋەڭ بەرقىدىن پەيداكى جەننەت ھەردەمى،
قەھرى قىلساڭ گەر ماڭا ئالەم گۆرىستانىم مېنىڭ.

ئەيلىدىم بەند مەن سېنى قەلبىم قېتىغا ئەي نىگار،
كېتىشىڭدىن قىلچە يوق تەشۋىشتە پەرۋايىم مېنىڭ.

كەتكىنى غەيرىي ۋۇجۇدكى، قالغىنى تەن جەۋھىرىڭ،
دىلخانامنىڭ ئەڭ ئەزىزى — تۆردە مېھمانىم مېنىڭ.

[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

بىر ۋەھى كەلدى — مېنى تەڭرىم ساڭا يار قىلغۇدەك،
مەنزىلىڭ پىنھان ئىمىش، ۋەسلىڭگە بەك زار قىلغۇدەك.

ئەڭ يىراق ئايدۇر دېسەم، ئايدىن يىراق ئالەمدە سەن،
كۆزلىرىمنى سەن تامان كۆكلەردە شۇڭقار قىلغۇدەك.

نە ئەيىب، قىلمىشلىرىم باركىن، گۇناھىم بىلمىدىم،
يىغلىتىپ كۈن-تۈن مېنى ئالدىڭدا قۇل، خار قىلغۇدەك.

چۆلدە سويلاپ، تىرمىشىپ نالەشكە دەرمان قالمىغاچ،
يىغلىبان تاڭ بۇلبۇلى دەردىمنى ئىزھار قىلغۇدەك.

ئاھ! دېسەم ئاتەش يانارمىش، كۆزلىرىمدە قوش ئېقىن،
ياشلىرىمدا چاڭقىغان چۆللەرنى گۈلزار قىلغۇدەك.

كۈندۈزى كۈن، كەچتە ئاي يوقلايدۇ زىنھار ئۈنتۇماي،
كەلمىدىڭ، تەگرىم سېنى جەننەتتىلا بار قىلغۇدەك.

چاغلىسام يوقكەن ئاراملىق شۇندىمۇ بۇ جانغا ۋاي!
چاچلىرىڭ ئارقاندا قەددىڭنى تىك دار قىلغۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەرد نېمە؟ مەندىن سورا دەردىنىڭ بالاسى مەندىدۇر،
بىلكى، بۇ جان بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىدا پەيۋەندىدۇر.

قامچىلاپ ھەردەم قارا يامغۇردا كۆزنىڭ شىددىتى،
كىيگىنىم ھەم دەسسىگەن تۇپراق، تېشىمۇ نەمدىدۇر.

جاندىن كەچمەي تۇرۇپ بولسا جانانغا مەھلىيا،
بىگۇمان، بەرھەقكى ئۇ بەختى قارا، شور بەندىدۇر.

بىر ۋاپاغا يۈز جاپا قىلماق پەرىلەر زىننىتى،
مەن كەبى بولغاي كىمكى، كۆنلىرى دەرد، غەمدىدۇر.

يار ئەمەلنا ئەختەردەكى، ئەيتى يالقۇن دەشتىدىن،
گۈل ئىرىپ گۈلگۈن يېشىمدىن باغرى ئاش گۈلشەندىدۇر.

ئاشسا گۆككىن ئاھلىرىم، ئاشتى ئىنگارنىڭ شۆھرىتى،
مەن ئەلەمدە، يار لېكىن ئۆز ھۆسنىدىن خۇرسەندىدۇر.

ھېچ ئەيىبسىز ئۆزگىلەر، ئاپئان بالا بۇ مەن ئۆزۈم،
ئۇنقا كىردىسۇ دېمەك ھىجران دېغى بەخشەندىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەن پۈتۈن بولغان بىلەن باغرىم كۆيۈك مىڭ پارىدۇر،
كۆكتىكى چاقماق بىلەن گۈلدۈر مېنىڭدىن نالىدۇر.

كىم ياساپ چىقتى ئۈنى، شۇنداقمۇ پۈتكەيمۇ گۈزەل،
كۆزنى چولپان دېگەيمەن، لەۋلىرى گۈللالىدۇر.

جۈپ يىلاندەك ئويىنىشىپ چاچلار تېقىمدا سويلىسا،
بىر ئەمەس مىڭ جان تەسەددۇق بولمىشى ئىزھارىدۇر.

يارنى سۆيمەكتىن تۈگۈل كۆرمەككە ھەددىم بولمىدى،
يولغا چەككەن ھەر ئىزى نەقش ئۈچا دىل زارىدۇر.

ھەممنى ئالدىم جاھاندىن بىر سەنەم كەمدۇر ماڭا،
باشقىسى بولدى تاماشا، يار غېمى غەمدۇر ماڭا.

ئانىنىڭ كۆكسىگە تەلپۈنگەن بوۋاقتەك زارىقىپ،
يارغا تەلپۈندىمكى يار يوق، دەردى ھەمدەمدۇر ماڭا.

كۆزلىرىمدىن چۆلگە سۇ باشلايدۇ ئول يار تۇختىماي،
ئىشق ئۈچۈن ئاققاچقا كىرپىكلەردە شەبنەمدۇر ماڭا.

كىمكى ئاچچىق دەيدۇ تۈزنى ھەر غىزادا لەززىتى،
لەۋگە تامغان ياشلىرىمنىڭ بەھرى زەمزەمدۇر ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يوق دىمە يارنى يېنىمدا، دىلدا ئۇ تەسۋىر بىلەن،
كۆلكىسى تەڭسىز سائادەت، قەھرى مەھرەمدۇر ماڭا.

كۆپ مالال بولدى نىگارىم كۆز يېشىمدا باغ ياساپ،
يار ئىزى چۈشكەن ياۋاننىڭ ئۆزى گۈلشەندۇر ماڭا.

رەشك ئېتىپ سۆيگۈمگە كىمكى كەچ بۇ دىشۋاردىن دىسە،
مىسلى لەنەتگەردىدۇر ئۇ، نەقلا دۈشمەندۇر ماڭا.

ھەممنى كۆرگەن ۋاپا ئەھلى ۋاپانى كۆرمدى،
بۋاپالار كۆپ جاپا سالدى، جاپانى كۆرمدى.

بارمۇ-يوق لوقمان دېگەن، ئەپسانمۇ ھېچ بىلمدىم،
داغى ھجران ئەھلىدىن ھېچكىم داۋانى كۆرمدى.

بىر ۋاپاغا يۈز جاپا ھەرئان مۇقەررەر سوۋغدۇر،
تەڭرىسى كورمۇ جازانىڭ بۋاپانى كۆرمدى.

قالدى يالقۇندا، توپاندا نەچچە رەت بۇ يەر-زېمىن،
شۇندىمۇ ئىشق ئەھلى كۆرگەندەك بالانى كۆرمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۇغا چۆكتى، ئوتتا كۆيدى، ئوقتا كەتتى قانچىلار،
ۋە لېكىن ئىشق ئەھلىدەك ھېچكىم جاپانى كۆرمىدى.

كۈندۈزى كۈن، تۈندە ئاي ئاشىق كۆزىگە يار دېگەن،
يارنىڭ ھىجرانىدا يورۇق سامانى كۆرمىدى.

كىمكى ئاشىقكەن ئۇڭا تەقدىر جازاسى بىللىدۇر،
ئاھ، نېچۈن تەقدىر كۆزى نى ـ نى گۇناھنى كۆرمىدى.

سالدى بىر ئوتنى ماڭا تەگرىم نىگارغا سالمدى،
ئوت سېلىپ، هوشنى ئېلىپ دەردىمنى زىنهار ئالمدى.

ئاه، تالاندىم، يەپ يۇتۇشقا قوندى باشقا دەرد قۇشى،
تەندە هىجراندىن بۆلەك ساقراق بىساتىم قالمدى.

سۆيگۈدىن پۈتكەن بەدەننىڭ لەززىتى شۇنداقمكىن،
زارىقىپ سايراپ، ئۇچۇپ قۇشلار بېشىمدا تالمدى.

كۆپ يارا باغرىمدا پىنهان، نە قىلاي ئاشكارىسىن،
قۇلغا چەككەن تامغىدەك ياردىن نىشانە داغمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جىلۋىدە ھەربىر ھۆجەيرەم بولدى مىڭ كۆز يار ئۈچۈن،
بىر نىگاھى تۇتىياكەنغۇ نىگار كۆز سالمىدى.

ئۆتتى كۆپ ئاشىق جاھاندىن، كۆيدى، كەتتى كۈل بولۇپ،
ئوتنى ئالتۇندىن لىباس قىلغان مېنىڭدەك بارمىدى؟

ئايلىنىپ ئاتەشكە بۇنچە ئۆرتىشنى بىلمىدىم،
ئەسلىدە يار بەرگىنى مۇزدەك سوغۇق بىر ئالمىدى.

سر ئەمەسكى، قەستى جاندا ئوتقا شەيدا قىلدىڭغۇ،
مېنى چوغدان قىلدى ھەم بىر چوغنى پەيدا قىلدىڭغۇ.

ئاھ، كۆرۈڭ بۇ سەھندە شۇنداق تاماشا بولدىكىم،
مېنى تەڭرىم بىر گاداي، ئول يارنى رەنا قىلدىڭغۇ.

پۈكلىبان قەددىمنى دالدەك مەندە ھېچ سىن قويمدى،
يارنى زىننەتلەپ كۆزىن چولپانى شەھلا قىلدىڭغۇ.

كىرسە يۇرتقا بىرلا بۆرە ئەلدە قاچ ـ قاچ بولغۇدەك،
مېنى پالاپ چۆلگە ئاچ يولۋاسقا ھەمراھ قىلدىڭغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەن گادايىنىڭ پەللىسى تەھتىسرانىڭ تەكتىدە،
يار شاھانە تەختىدە چاقناپ تەمەننا قىلدىغۇ.

تەلمۈرۈپ ياتسام ئاياغى ئاستىدا مىڭ تولغىنىپ،
مېنى يوق چاغلاپ، كۈلۈپ غەيرىيگە پەرۋا قىلدىغۇ.

تەن كاۋاك، چاچ بەلدە، كۆز قان، ئەلدە قېقاس ـ كۈلكىلەر،
ئاز كېلىپ قۇل قىلغىنى لەنەتتە رەسۋا قىلدىغۇ.

چاگقىدىم ھىجراندا كۈن ـ تۈن ساقىيا تۇتقىن قەدەھ،
بولسۇنا ئابىھاياتتەك ئۇ گويا، تۇتقىن قەدەھ.

مەيپۇرۇش بولساڭ يىراقتىن ئىزدىمە ھېچ مەيخۇمار،
قەدرىگە يەتمەيدۇ ئۆزگە، بىر ماڭا تۇتقىن قەدەھ.

گەر مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا نىگار سەندىن سوراپ،
مەن ئۈچۈن قىلغىنكى ھىممەت ھەم ئۇڭا تۇتقىن قەدەھ.

ئول قەدەھتىن يار كۆرۈنسە كەلمىكىم شۇل لەھزىدۇر،
ئايلىناي دىلكەشلىكىڭدىن، قۇي يانا، تۇتقىن قەدەھ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەممىنى قويدۇم گۆرۈگە مەي ئۈچۈن ئەي ساقىيا،
نەچچە رەت ئىچتىم نىسگە، قىل ۋاپا، تۇتقىن قەدەھ.

بەختى ئۇلۇغ كەلگەن ئىچىپ مەينى سۇغا تەڭ قىلمىسۇن،
ئەسلى دەردمەن ھەققى ئۇ، دەردىم تولا، تۇتقىن قەدەھ.

كىم كۆرۈپتۇ باغرى قانغاننى سۇغا چۆل-دەشتىنىڭ،
بولما ھەيران ئىچكىنىمگە، قۇي ئۇدا، تۇتقىن قەدەھ.

قايغۇرۇپ ھالىمغا كۆڭلۈم يىغلىدى يامغۇر بولۇپ،
چىقمىدى جان، بولدۇما ياردىن جۇدا، تۇتقىن قەدەھ.

چۆلدە ئازغان بىر يېتىم بوتلاقىقا ئوخشاش بوزلىدىم،
قىلمىغاننى بىر ماڭا قىلدى خۇدا، تۇتقىن قەدەھ.

پەلەك چاقماقلىرى يانسا ئىشقىنىڭ زارىدىن دەيمەن،
قۇياشتىن تۈن جۇدا، ئاشىق جۇداكەن يارىدىن دەيمەن.

باياۋان قۇملىرى قۇتراپ ئۇچۇپ ھەريانغا شىددەتتە،
قۇيۇن قول سوزسا ئاسمانغا جۇنۇننىڭ ئاھىدىن دەيمەن.

كۆزۈمگە ياش كېلەر يامراپ ئېقىنلار تولغىنىپ ئاقسا،
پىراق زەردابىمۇ كەلگەن بىراۋنىڭ باغرىدىن دەيمەن.

يىراقتا سايرىسا كاككۇك يۈرەك ئۆكسۈيدۇ قان ئۇقچۇپ،
بېشىمغا قونسا ھۆۋقۇشلار تۇزۇپتۇ غارىدىن دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ قاقشال دەرەختە مۈگلىنىپ قالغان غېرىپ چاڭگا،
ئەجەب قىسمەتدىشىمكەن ئۇ، جۇداكەن بارىدىن دەيمەن.

تاراسلاپ يەرگە دەز كەتسە، غۇلاپ قاينامغا تاغ چۆكسە،
ۋاپاغا بىۋاپالارنىڭ زۇلۇم ـ بىدادىدىن دەيمەن.

ساما گۈلدۈرلىرى سىلكىپ زېمىننى، نەرىلەر تارتسا،
ئەمەس ئاسمان ئىشى، ئەھلى ئىشق پەريادىدىن دەيمەن.

نه قىلايكى بۇ بالانى، مېنى شەيدا ئەيلىدىڭ،
سەن ئۆزۈڭ ھەر جايدىكى شۇ جايدا پەيدا ئەيلىدىڭ.

بارچىدىن غەيۇر، غەنىدەك بىنەزەر، ھۆر ئەر ئىدىم،
شۇنچىلىك رايىش، زەبۇن بولدۇمكى، ھەمرا ئەيلىدىڭ.

زەنجىرىڭ بوينۇمدىدۇر، ساتماققا قۇل بولدۇم ساڭا،
قۇلغا قۇللاردەك نەزەردە زەپ تەمەننا ئەيلىدىڭ.

چاڭقىغانكەنسەن ئەزەل سۇ كۆرمىگەن چۆل ـ دەشتىدەك،
كۆزلىرىمنى چۆل تەرەپكە ئىككى دەريا ئەيلىدىڭ.

رەڭ بېرىپ ماڭغان يولۇڭغا قىپقىزىل ياشىم بىلەن،
يىغلىسام بەختىم شورى — ياتلارغا پەرۋا ئەيلىمىدىم.

مەي ئىچىپ ئۆزۈڭنىڭ ئىيان بېرىدىگە ئىشقىڭ دەردىنى
ئىچتىم، بولدۇم بىھوش، رەشتىدە رەسۋا ئەيلىمىدىم.

كۆڭلە ئەغيار ھالىدا ھېچ كەپ ئەمەستى مەن ئۈچۈن
قىلىشقاندىن زوقلىنىپ مەستى تاماشا ئەيلىمىدىم.

كىمكى ئۆلمەستىن ئىرىك ۋەيلۇنىنى كۆرگەن مەن كەبى،
سۆيگۈدىن سالقىن كۆرۈپ دوزاختا كۆيگەن مەن كەبى.

كۆرگىنىم باغى ئېرەمدۇر، كۆيگىنىم ئۆچمەس پىراق،
ئۇندا كىم بۇنداق ھۇزۇر پەيزىنى سۇرگەن مەن كەبى.

بىلىسگىز تاھىر سۇدا ساندۇقتا لەيلەپ ئاقتىغۇ،
سۇ ئەمەس كىم ئوتتا يايراپ داغدا يۇرگەن مەن كەبى.

سۆيگۈ بىر ئاتەشكى ئۇ، ھەر تەن سىمابتەك ئېرىگەي،
كىم ئېچىپ باغرىنى كەڭ شۇ ئوتقا كىرگەن مەن كەبى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سۈركىلىپ كەتكەنچە ئىشتۇر لەۋگە لەۋنىڭ تەگمىكى،
بارمىكىن داغلاپ يۈرەكتە يارنى سۆيگەن مەن كەبى.

لەرزى قىلغانكى جاھان دەرد ئەھلىنىڭ پەريادىدىن،
زوقلىنىپ كىم ئىشقىدىن دەردتىن سۆيۈنگەن مەن كەبى.

نالىسى ئالەم قۇچۇپ دەشتلەردە گۇمراھ بولسىمۇ،
قاي جۇنۇن ئۆز - ئۆزىگە شاھتەك كۆرۈنگەن مەن كەبى.

نىگارىم جىلۋە ـ جەۋلاندا جېنىمنى ئىنتىزار قىلدى،
گويا كىرپىكتىكى ياشتەك بىتاقەت زارۇزار قىلدى.

قۇياشنىڭ ئاستىدا ئالتۇن قەسىردە يايرىغان ئول يار،
بوسۇغقا باغلىتىپ مېنى تەمەننالـئىپتىخار قىلدى.

ئۆزۈمدىن سورىدىم كىم؟ دەپ، مېنى كىم تونۇغاي ئەمدى،
كۆزۈم قان، تەندە مىڭ زەخمە، زەبۇن دىۋانەۋار قىلدى.

گاداي كۆرسەتسە يارەنلىك كېلەرمىش قەھرى سۇلتاننىڭ،
سوراقلاپ، سۆرىبان يارىم ئارا ئەل شەرمسار قىلدى.

غېرىب ساھىلغا بىر يارماق بېرىپ ئۆتكەن غېنى يەڭلىغ،
ماڭا كۆز تاشلىبان بىر رەت جاھانچە ئېتىبار قىلدى.

يۈرۈپ مەيخانە-مەيخانە تاپالماي ئۈنچىلىك لەززەت،
زۇلۇم ھىجراننى يارنىڭ يەنە جان ئىختىيار قىلدى.

جامال ـ دىدارىغا دادا! دەپ كېلىپ دەرگاھىدا ياتسام،
كۇلۇپ، ئەخمەق دىبان ئول يار شاھانە بەختىيار قىلدى.

ئەزىم دەريادا قايناملار بىلىقنى ئىنتىزار قىلمىش،
لەزىز لەۋ جامىدا مەيلەر يۈرەكنى زارۇزار قىلمىش.

كۆپۈكلەپ، جۇش ئۇرۇپ قايناپ لەھەڭنى يالمىسا قاينام،
يۈرەكنىڭ زارىغا ئول لەۋ قاقاقلاپ ئىپتىخار قىلمىش.

جانانىنىڭ سۇيلىغان چىچى ھامان بوينۇڭدىكى ئارقان،
لىۋىگە بويلىساڭ يارەب! چىنار قەددىنى دار قىلمىش.

پىراقى ئۆرتىبان ھەرئان دىلىڭنى دەشت ـ ياۋان ئەيلەپ،
چىمەنلەر ئىشتىياقىدا سىنى بىر گۈلخۇمار قىلمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋىسالىنىڭ مەنزىلى ۋىل - ۋىل گويا چۆللەردە ئالۋۇندەك،
نىگارىڭ دەردىنى دەريا، ئۆزىنى كەم دىدار قىلمىش.

سۆزى بۇلبۇل زۇۋاندا، كۆزى ئاھۇدىدۇر يارنىڭ،
پىراق باغۇ باياۋاندا ساياق دىۋانەۋار قىلمىش.

قىلىچ چەككەن گۈزەل تاتۇق باھادىر ھۆسنىگە شاندۇر،
ئىشق ئىككى جاھان ھىجران دىغىنى يادىكار قىلمىش.

قايدا باركى سەندە بار بۇ سەرۋى قامەت دىلبىرىم،
قامىتىڭگە ئەيلىدىمكى ئىستىقامەت دىلبىرىم.

گەر نەزرىم چۇشسە ئۆزگە بىر چىنارغا مەن ئۆلەي،
بولغۇسى ئۇ ئىككى ئالەملىك خىيانەت دىلبىرىم.

نە خىيانەتكى كەچۇرمەس يەرۇ ئاسمان ھېچقاچان،
ئادىمدە بولمىغاي بۇنداق جىنايەت دىلبىرىم.

چۇشسە سۆيگۇ شەنگە مەشئۇم خىيانەتتىن ئاياغ،
بولىدۇ يەر چىرقىراپ شۇنداق ئالامەت دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگىلى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆلمكىم ئەۋزەلكى ئۇ قىسمەتنى كۆرسەتمە نىگار،
قىل ۋاپا، قان يىغلىبان كۆرمەي قىيامەت دىلبىرىم.

تاغدا يالغۇز تىك قىيا، چۆللەردە يەكدا گۈل كەبى،
بول ۋاپانىڭ مەشئىلى، كۆرسەت كارامەت دىلبىرىم.

كۈندە بىر رەت ئەسلىسەڭ يەتكەي ۋىسالىڭ باغرىما،
مەن پىراقىڭدا ئۆلەي، بولغىن سالامەت دىلبىرىم.

نتەي، ھەر تۈن پىغان تارتىپ چۈشۈمدىن ئويغىنىپ چىقتىم،
گويا ئارقان ئېشىلگەندەك تۆشەكتە تولغىنىپ چىقتىم.

بۇلانغان باي كەبى يىتكەن جاۋاھىر داغىدا بىھوش،
چۈشۈمدە كۆرگىنىم كەتتى قايان؟ دەپ مۇڭلىنىپ چىقتىم.

تىنىم بىر ئوت بىلەن ئېرىپ ئاقار قان رەڭگىدە دەۋرەپ،
قوشۇلغاچقا ئۇنىڭا ياشىم قىياندەك ئۇلغىيىپ چىقتىم.

شامال ئۇرغاندا ئۇچقۇنمۇ ئەزىم يالقۇنغا ئايلانغاي،
پىراقتا ئۆرتىنىپ نالەشلىرىمدە چوغلىنىپ چىقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مېنى گاھ بۇ ساراڭلىق، گاھ گاراڭلىق ئەيلىدى مەجنۇن،
ئەقىل ـ ھوشتىن بولۇپ ئازاد، ئىماندىن بۇلغىنىپ چىقتىم.

كۆرۈك، غاپىللىقىم ۋەسلى مۇرادنى چاغلىغاچ ئاسان،
نىگارنى ئىزدىگەن ھەر كوي ـ كوچادىن قوغلىنىپ چىقتىم.

زۇلۇم ھىجراننى يارنىڭ كۆڭۈل مىسقالچە ھار كۆرمەس،
كۈتۈشلەر قوينىدا تاڭنىڭ نۇرىغا چۇلغىنىپ چىقتىم.

سائادەت بالقغان سۆيگۈم تېگىنى نەۋھايات دەيمۇ؟
نىگارنى بىر نەپەس ئۇنتۇش پىقىرغا ئار - ئۇيات دەيمۇ؟

تىغىگنى تەگلىبان جانان جامالىڭ قەھرىدە كەلسەڭ،
دىدارىڭ لەززىتى — شېرىنلىكىنى ئىلتىپات دەيمۇ؟

ۋىسالىڭ قەستىدە دۇشمەن مېنى زىندانغا بەند قىلسا،
ساڭا يەتكەن خىيالىمنى سامادا پەر - قانات دەيمۇ؟

رەشك خەنجىرىدە بولسام شېھىت گەر كۆز ئوچۇق قالسا،
ئىلاھىي لەۋلىرىڭدە بىر سۆيۈپ قايتا يارات دەيمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈمنىڭ لەرزىدىن غەيۇر بۇ يەڭلىغ جان پىدالىقنى،
ۋاپانىڭ ئەھلىنى ھەيرەتتە قويغان ئىجتىھات دەيمۇ؟

ساداقەتتە مېنى نادىر بىلىپ پەرھادنى لال قىلدىڭ،
بۇنى ھۆسنۈڭگىلا تالىق كامالى ئىستىدات دەيمۇ؟

ناۋايى بەھرىدە ئەشئار تۆكۈلگەن نەزمىگاھىمنى،
پىراق سەلتەنىتىدە شان ياراتقان شاھ ھىرات دەيمۇ؟

جۇنۇنغا «يار!» دىبان پەرياد قىلىش ئەھدى راۋا بولمىش،
پىغان ـ زارى ئىشقىسىز خۇشخورامىلارغا ناۋا بولمىش،
ھاياتكى غۇسسە ـ غەم، شادلىق، تىلەك-ئارمان ئارا بولمىش،
قارا كۆز ئالسا مەيلىگنى يورۇق بەختىڭ قارا بولمىش،
ئۇنىڭ ھەر جىلۋىسى ئاپەت، جىنىگغا يۈز بالا بولمىش.

بۇيۇك غەليان كۆرۈڭ ھىجران چۆلىنىڭ نالە-پەريادى،
زەپەرسىز قايتمىغان ئوۋدىن ئەزەلدىن سۆيگۈ سەييادى،
بولۇر ئارقان جانانىنىڭ زۇلپى، داردۇر قەددى ـ شەمشادى،
گۈزەللەر قوۋمى خۇنخوردۇر، رەھىمسىز ھۆسنى جاللادى،
پىچاقسىز تىغلىغاي ھەرئان، يۈرەك ـ باغرىڭ يارا بولمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رەشك جەڭگاھىدا قانىدىن لەيلىدەر تۇغ بولۇپ نىزا،
يىراق ھەر كويىغا سالغايكى ئەمەس ئاشىق ئۈچۈن ئىزا،
مۇرادىنىڭ مەنزىلى مۈشكۈل، بېشىدا ئويىنغاي گۈرزا،
ئىشق غايىل ئەزەل ھوشتىن، كۆڭۈل ھەر جەبرىگە رىزا،
جانان گەر بىر قىيا باقسا جاراھەتكە داۋا بولمىش.

ھامان يالقۇننى ئەسلەتكەي ئۆچۈپ كۈللەردە چوغ قالسا،
يۈرەكتە داغنى كۆرسەتكەي كۆزىدە ئىشقى بايقالسا،
دىلىدا مۇڭنى پەسلەتكەي قەدەھى مەيدە چايقالسا،
ئەگەر سەكراتتىكى ئاشىق نىگاردىن خۇش خەۋەر ئالسا،
شۇئان پالۋانكى لوقماننىڭ شىپا ئىلمى ئادا بولمىش.

قېنىپ بۇلبۇل پىغانىغا قىزىلگۈل رەڭ، پۇراق ئالغاي،
كۆرۈك، بۇلبۇلى يوق باغدا غېرىب گۈل غۇنچىسى سولغاي،
بىلەلمەي ۋەجىنى گۈل دەردىنىڭ باغۋەنى تاڭ قالغاي،
جۇنۇن مۇقامىغا يەتكەن نېچۇن تەركىجاھان بولغاي،
ئۇنىڭغا يار دىدارىدىن خىيالىي مۇددىئا بولمىش.

ياشاش تەمىسىزكى گەر تەگرى مۇھەببەتسىز جاھان بەرسە،
دىگىن ۋەيلۇننى جەننەتكەن ساڭا دىلكەش جانان بەرسە،
هايات قەدرىگە يەتكەي شۇ ئىشقتىن ئىمتىھان بەرسە،
جانانىسىز دەشتتە يۈرگەنگە كىمىكى بىر نىشان بەرسە،
ۋىسال بەختىگە قۇرئەنداز چوقۇمكى ئەۋلىيا بولمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

پىراق زەردابىدىن لەزىز قىيام قايىنايدىكەن ھەيھات!
كۆرۈپ قەددى چىنارلارنى پۈكۈلگەي مۇڭلىنىپ شەمشاد،
پەرى پەيكانلىرى قىلدى كۆڭۈللەر قەسرىنى بەرباد،
ئەجەبكى، دەردى ھىجراننى سائادەت چاغلىدى پەرھاد،
تىكەن قان ئەيلىسە بۇلبۇل گۈلگە مەھلىيا بولمىش.

قايدا كۆردۈم بىر بالا بولدۇڭ بېشىمغا دىلبىرىم،
تۈز ئەمەس ئوغلـزەھەر چۈشتى ئېشىمغا دىلبىرىم،
لال تىلىم ئېيتماققا ھېچ سۆز سىردىشىمغا دىلبىرىم،
كىم قۇلاق سالغاي شۇھال بىلجىرلىشىمغا دىلبىرىم،
كۈلمە، ئاھۇ ئوغلىقىدەك يىغلىشىمغا دىلبىرىم.

بىر ۋەھىي كەلدى، دېدىكى: يارنى كۈن ـ تۈنلەپ سېغىن،
سەن قاياقتا ئەي نىگار، چولپان ماڭا بولدى يېقىن،
دىلدا ئاتەش، ياندى چاقماق، بولدى قانماس كۆز چېقىن،
بىغۇبار شەبنەم كەبى ئەسلىي سۈزۈكتى بۇ ئېقىن،
قوشتۇڭا زەرداب، قىيان ئاققان يېشىمغا دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جۇپ قەدەھ قىلدىم نىگار ئىككى كۆزۈڭنى مەن ساڭا،
ئەيمىنىپ ئېيتالمىدىم دىلدىن سۆزۈمنى مەن ساڭا،
«ئاھ!ساماڭ» دەيسەن چوقۇم ئاچسام يۈزۈمنى مەن ساڭا،
«قىل پىدا»دېدىڭ، پىدا قىلدىم ئۆزۈمنى مەن ساڭا،
كەلمىدىڭ، كەلدى لېكىن ئاي، كۈن قېشىمغا دىلبىرىم.

باشلىدىڭ نىگار مېنى ئازغۇندى ئالۋۇن چۆلگە،
تاشلىدىڭ قارماق، قېيىق ھەم كۆزلىرىمنىڭ كۆلگە.
ئۆچرىدىڭ دەيدۇ مېنى شەيتانغا ئۇستاز تۈلكىگە،
نان ئۆچۈن داپنى ئېلىپ قالدىم مالامەت كۈلكىگە،
مىڭ جۇنۇن سەۋداسىنى سالدىڭ بېشىمغا دىلبىرىم.

بوپتىمەنۇ مەھلىيا، بولماپتىمەن جانغا ئاگاھ،
چاغلىبان ھىجران چۆلىنىڭ جىلۋىسىنى سەيلىگاھ،
بولدى بۇ ئالەم سېنىڭسىز خۇددى ۋەيلۇن، قەبرىگاھ،
قىبلە قىلدىم مەن سېنى، ئەيلەپ قېشىڭنى سەجدىگاھ،
سەن سەۋەبكار بىئىمان قىلمىشلىرىمغا دىلبىرىم.

قاچتىڭغۇ ھەركىم يىراق كۆرگەچكە گۇمراھ ئەپتىدە،
ۋە لېكىن يۇردۇم خىرامان بىر ئىشقىنىڭ بەختىدە،
مەن خىيالەن ھەرقاچان يارنىڭ قۇچاقى ــ تەختىدە،
تەرلىدىم قار، مۇزدىمۇ ئاتەش پىراقىڭ تەپتىدە،
خەيرىيەت! بولدۇڭ لاۋا ھەربىر قىشىمغا دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بەزىدە ئەزدى مېنى ھىجران جۇدالىق ۋەھىمدىن،
مەن كېچەي جاندىن دېدىم، كەچسە نىگارىم ئەھدىدىن،
رەشك ئەيلەركەن جاھان ئەھلى ئىشقىنىڭ بەختىدىن،
باقمىساڭ بىر قايرىلىپ چۇشمەي جامالىڭ تەختىدىن،
شادلىنىپ ئەغيارلىرىم تەگدى چىشىمغا دىلبىرىم.

ئېيتقىنا يار بۇ جۇدالىق دەشتىدە بارمۇ پايان؟
قۇشتىن ئاشقان تاپىنى كۆرسەڭ بولغۇسى باغرىم ئايان،
مەن قايان، ئالەم قايان، بولدۇم ئۆزۈمگە دەرگۇمان،
قالدى نەھوش، نەئەقىل ھەم ئۆچتى، كەتتى نام ـ نىشان،
سەن كۇلەرسەن بۇ بەتەر تارتمىشلىرىمغا دىلبىرىم.

بىلمىدىم ئوڭۇ چۈشۈمۈ كۆلدىكى بىر جىلۋىدە،
ئوخشىماي قالدىم ئۆزۈمگە شۇل تەبەسسۇم سېھرىدە،
سەن ئۆزۈڭ شۇندىن بېرى تۇردۇڭ ساماۋى قىبلىدە،
مەيلى سۆيگىن، سۆيمىگىن، سۆيگۈم دىلىمنىڭ ئىلكىدە،
مەن رىزامەن ھەرقاچان ئازمىشلىرىمغا دىلبىرىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سېغىنىشنىڭ ئىستەكلىرىدە،
قەلەم ئالدىم سالام يازاي دەپ،
يىپقا تىزدىم كۆز ياشلىرىمنى،
مارجان قىلىپ ساڭا ئاساي دەپ،
ئاھلىرىمدا ئاتتىم چولپاننى،
كۆزى قىلىپ ئۈزۈك ياساي دەپ.

سېغىنغاندا ئايغا قارايمەن،
ئايمۇ ساڭا ئوخشىماس داغدىن،
كۆزلىرىڭنى ئەسلىگەن چاغدا،
ئاھۇلارنى ئىزدىدىم تاغدىن،
شوخ كۈلكەڭنى ئاڭلىغۇم كەلسە،
بۇلبۇل ئۈنى تىڭشىدىم باغدىن.

ئاختۇرسامۇ ئالەمنى نەچچە،
تېپىلمايدۇ مەن ئۇچۇن سەندەك،
يۈرەك ـ باغرىم چاكچاك بولدى،
يامغۇر كۆرمەي چاڭقىغان چۆلدەك،
يالقۇنۇڭدا بولدۇم سەمەندەر،
ئوتقا پولات چىدامدۇ مەندەك.

رىشتىڭ پولات ئارقانمىدىكىن،
بىلەلمىدىم قانداق باغلىدىڭ،
يۈرىكىمنى يېمەكچىمىدىڭ،
كاۋاپ قىلىپ ئەجەب داغلىدىڭ،
باياۋاندەك چاڭقاپتىكەنسەن،
كۆزلىرىمنى بۇلاق چاغلىدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ يولاتماس،
كىرپىكلىرىم گويا پوست بولۇپ،
پەرياد ئۇرۇپ كىرسەم جاڭگالغا،
يولۋاسقمۇ قالدىم دوست بولۇپ،
يىرتقۇچلارمۇ سۇرتتى يېشىمنى،
ساڭا ياقماق كەتتى تەس بولۇپ.

كۆلكە قانداق؟ ئۇنتۇلدۇمغۇ مەن،
قۇياش چىقسۇن، بىر كۆلدۈر مېنى،
ھىجرانىڭدا سولغان بىر گۈلمەن،
يۈرىكىڭدە ئېچىلدۇر مېنى،
جېنىم رىشتى لېۋىڭدە جەزمەن،
ئۆلسەم سۆيۈپ تىرىلدۇر مېنى.

سۆيۈشلەردەك گۈزەل بۇ ئالەم،
سۆيگۈلەردىن ئالغاچقا رەڭنى،
ئىشق ئەھلى كۆركى جاھاننىڭ،
نۇردا يۇيۇپ تۇرغاچقا تەننى،
ساداقەتلەر يازدى ساماغا،
قەسەم قىلىپ ھەسەن ـ ھۈسەننى.

بۇ دۇنياغا باغلىدى مەھكەم،
ۋاپالارغا كەتكەن بەدەللەر،
پارات بولدى مۇھەببەت ئۈچۈن،
پىلسىراتتەك نى ـ نى خەتەرلەر،
نۇر ـ زىياغا پۈركىدى تۈننى،
قۇياش بولۇپ يەردە گۈزەللەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاشقلارنى مادارسىز دېمە،
قالسا بەزەن قىلدەك تولغىنىپ،
چىرايلىرى سارغايغان بىلەن،
يۈرەكلىرى تۇرار چوغلىنىپ،
دىشۋار تارتىپ چەكسىمۇ ئەلەم،
پۇشايمانلار كېتەر قوغلىنىپ.

سۆيگۈلەردىن چاقنىغان ئۇچقۇن،
بولدى تۈندە يارقىن چىراقلار،
گۆھەر بەردى ئەما كۆزىگە،
دىلدىكى ئۆچمەس پىراقلار،
يۈرەكلەردە ياندۇردى مەشئەل،
ھىجران بىلەن ئۆتكەن سىناقلار.

كۆكتە يانغان ئىشق يىغانى،
چاقماقلارنىڭ قەھرىدىن ئۇلۇغ،
يار قويندا يايرىغان دەملەر،
شاھ تەختىنىڭ بەھرىدىن ئۇلۇغ،
چوغدەك لەۋدە شاراب بەرگەن يار،
ئاشىق ئۈچۈن ھەممىدىن ئۇلۇغ.

ئاي تۇتۇلسا، قۇياش تۇتۇلسا،
نۇر ئۆچىدۇ بىردەم يۈزۈڭدىن،
ئەگەر يارىڭ چېھرى تۇتۇلسا،
يوقىلىدۇ دۇنيا كۆزۈڭدىن،
شۇ چاغدا سەن سوراپ باققىنا،
«بارمۇ مەن؟» دەپ ئۆزۈڭ ئۆزۈڭدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەريا ـ دەريا يامغۇر تۆكسە كۆك،
ئۆتتەك تېنىڭ بولىدۇ نەمخۇش،
ياش تۆكۈلسە يارىڭ كۆزىدىن،
جېنىڭ قاقشاپ بولىسەن بىھوش،
گەر كۆڭلۈڭنى ئاغرىتسا نىگار،
دىلىڭ مازار، بېشىڭدا ھۇۋقۇش.